مەملىكەت بويىچە 100 نۇقتىلىق ژۇرنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژۇرناللار سەھىپىگە كىرگەن ژۇرنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژۇرنال

# 美拉斯

# MIRAS



# ميراس

2
2017

ISSN 1004-3829
04>
9 771004 382027

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






قوش ئايلىق ژۇرنال 2017 - يىل 2 - سان

(ئومۇمىي 160 - سان)

## ئادەت قىرىماس

قىز-ئاياللارنىڭ تارىنىش ئادەتلىرى ۋە بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۆزگىرىشى - - -
........................ نۇرىمانگۈل تۇرغۇن (1)
تاجىكلارنىڭ سوقۇم ئاپىرىش ئادەتلىرى ......... ۋارىسجان ئاتاخان (48)
ئەنئەنىۋى تۆشۈك جابدۇقى — ئەلگەك ...... مۇھەممەدجان تىلىۋالدى (49)
تونۇر ........................ ئابدۇۋەلى مەتقۇربان (55)
جۇۋازچىلىق توغرىسىدا ................ مەھمۇدجان سىدىق بېلگىيار (59)
ئويتاغلىقلارنىڭ مال سويۇش، مېھمانلارغا گۆش تارتىش ئادىتى .........
........................ داۋۇتجان سەيدىن (68)
مېھماندارچىلىق ئادەتلىرىمىزدىكى ئۆم-ئىناقلىق ..................
........................ ئەلقەمجان رۇستەم ئەلقۇت (72)
خەلقىمىزدە ئەنئەنىۋى ساپالچىلىق ......... ئەلقەمجان رۇسۇل ئەلشات (73)
قومۇل قىيقاس بېپىتلىرى ھەققىدە ................ پاتىگۈل نىياز (76)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

تەۋەككۇلدا فولكلور ۋە تىل تەكشۈرۈش ... مەتسەئىدى مەتقاسىم، گۈلباھار مەتتوختى (5)

## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇز توندۇر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ...... ئابدۇخېلىل مىرخېلىل (17)
خەلقىمىزدە تۇماقچىلىق .................. غەيرەتجان رۇسۇل سابىت (53)

## بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا

گۈلقىز ........................................ (24)




باش مۇھەررىر:
**مۇختار مۇھەممەد**
(قانۇنىي ۋەكىل، ئالىي مۇھەررىر)
جاۋابكار مۇھەررىر: **نۇرنىسا باقى**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
مۇھەررىرلەر: **نۇرنىسا باقى**
**خۇرسەنئاي مەتىمىن**
**ئەزىزەم تۇيغۇن**

**باشقۇرغۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
**نەشر قىلغۇچى:** «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E_mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!

## ئويۇنلىرىمىز


خەلقىمىزنىڭ قىزىقارلىق ئويۇنلىرى .................. سابىرجان سىيىت (32)

ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت ئويۇنى ــ كۆيەك توپ ...... دۆلەت ئاقنىياز (45)


## ماكانىمىز


موللاتوختىيۇزى ھەققىدە ............................ جامالىدىن جالالىدىن (37)


## يېمەكلىرىمىز


زاغرا نان توغرىسىدا ........................ مۇھەممەدجان تىلىۋالدى (40)


## ئايدىڭ كېچىلەر


قىزىل گۈلۈم ........................................................ (70)


بۇ يىل «مىراس» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىغا 34 يىل بولدى. بۇ مۇبارەك ژۇرنال ئۆزىنىڭ 34 يىللىق شانلىق تارىخىدا 160 سان نەشر قىلىندى، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ھەر بىر سانى، ھەر بىر پارچىسى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىدىن، ئەنئەنىلىرىمىزدىن، ئېسىل ئۆرپ- ئادەتلىرىمىزدىن دەۋرىمىزگە مول ۋە قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى تەقدىم قىلدى. «مىراس» ژۇرنىلى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق نامايەندىلىرىدىن تۈزۈلگەن گۈزەل مەنىۋى گۈلىستان!

بىز ژۇرنىلىمىز نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 34 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

ژۇرنىلىمىزنى ئېسىل ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ئاپتورلىرىمىزغا چىن قەلبىمىزدىن تەشەككۈر ئېيتىمىز!

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت

كوررېكتور: نۇرنىسا باقى

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى، مەريەمگۈل ئىدرىس

مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدە: «چىنتۆمۈر باتۇر» مىنياتۇر رەسىم روزىتوختى تۇرسۇننىياز نەۋبەت سىزغان

مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە «تەخسە ئۇسسۇلى» ئەنۋەر ئوسمان سىزغان

ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ئېلىجان ئىسمائىل، ھۆسەنجان قاسىملار تەمىنلىگەن


Chief editor: Muhtar Muhammed

Responsible editor: Nurnisa Baki


# 保护文化遗产
# 捍卫精神家园


主编：

木合塔尔·买买提

(编审，法人代表)

本期责任编辑：

努尔尼沙·巴克（副编审）

编辑：

努尔尼沙·巴克

胡尔仙阿依·买买提明

艾孜再木·吐依洪

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会

出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）

电话：(0991)4554017

印刷：新疆日报社印务中心

发行：乌鲁木齐邮局

订阅：全国各地邮局

国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60

E-mail: mirasuyghur@126.com

海外发行代号：1130BM

广告许可证号：6500006000040

邮编：830001

定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles

Editor: "Miras" (Heritages) editorial department

716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China

Printer: xinjiang newspaper press center

Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country

Print number at home: CN65 - 1130/I

Print number abroad: ISSN1004 - 3829

PostCode : 58 - 60

International Standart Book Number: 1130BM

Post Number: 830001

Tel: (0991 4554017

Price: 6¥



# قىز-ئاياللارنىڭ تارىنىش ئادەتلىرى ۋە بۈگۈنكى دەۋردىكى ئۆزگىرىشى

نۇرىمانگۈل تۇرغۇن

ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى قەدىمدىن تارتىپلا گۈزەللىككە ئىنتىلىپ كەلگەن. سۇمبۇل چاچ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولىدۇر. ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ تارىنىش، پەرداز قىلىش ئادەتلىرى تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم ئۈلگىلىرىنىڭ بىرى.

تارىنىش قىز-ئاياللارنىڭ چاچ تاراش، چاچ شەكلى چىقىرىش، چاچ ئۆرۈش، چاچ پەرۋىش قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەردازلىنىش ئادىتى ھەمدە ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى ۋە مىللىي خاسلىقىنى نامايان قىلىدىغان بەلگىلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭدىن چاچ گۈزەللىكىنىڭ قىز-ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ مۇھىم بىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

شىنجاڭنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ئارخېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئىشلىرى شىنجاڭ ئازاد بولغاندىن كېيىن باشلانغان بولسىمۇ، شىنجاڭ رايونىدىكى بىر قىسىم مەدەنىيەت ئىزنالىرىدىن ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ تارىنىش مەدەنىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مول ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇشتىن سىرت يەنە غەربىي يۇرت قىز-ئاياللىرىنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئېستېتىك قاراشلىرى ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ھېس قىلالايمىز.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ 11-ئەسىردىكى ئۇلۇغ تىلشۇناس ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ مەشھۇر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى مەزمۇنلارغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا قىز-ئاياللارنىڭ تارىنىش ئادىتىگە مۇناسىۋەتلىك كۆپ مەلۇماتلارنىڭ بارلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. بۇ بىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇرلاردىكى ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك يازما ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە ئۆرۈمە چاچقا دائىر سۆز-ئاتالغۇلار مۇنداق ئىزاھلانغان:

ئۆرمە ساچ — ئۆرۈمە چاچ (1-توم، 175-بەت).

ئۆرچۈك — ئۆرۈلگەن چاچ (1-توم، 140-بەت).

ئۆرگۈچ — ئۆرۈمە چاچ. خوتۇنلارنىڭ ئۆرۈمە چېچى (1-توم 129-بەت).

ئۆكىلك — چۇپۇر چاچ، خوتۇنلارنىڭ ئۆچكە چۇپۇرىدىن قىلىنغان ياسما چېچى (1-توم 182-بەت).

ئۆكىلەندى — چاچ سالدى. خوتۇن چاچ سالدى، يەنە ئۆچكە چۇپۇرىدىن ياسالغان ماڭلاي چاچ تاقىۋالدى. (1-توم، 409-بەت).

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈك»تىكى يۇقىرىقى سۆز-ئاتالغۇلار بىزگە قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنى ئىنتايىن روشەن ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرەلەيدۇ. بولۇپمۇ «ئۆكىلك — چۇپۇر چاچ، خوتۇنلارنىڭ ئۆچكە چۇپۇرىدىن قىلىنغان ياسما چېچى؛ ئۆكىلەندى — چاچ سالدى. خوتۇن چاچ سالدى، يەنە ئۆچكە چۇپۇرىدىن ياسالغان ماڭلاي چاچ تاقىۋالدى» دېگەن سۆزلەر قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ياسىنىشقا، جۈملىدىن چاچلىق بولۇشقا، چاچ شەكىللىرىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى، سۇمباتلىق گۈزەل بولۇش ئۈچۈن چېچى يوق ياكى چېچى ئاز خوتۇن-قىزلارنىڭ ياسالما چاچلارنى سېلىپ، چاچلىق، يەنى بوستان چاچ بولۇش ئارزۇسىنى قاندۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

رىۋايەت شەكلىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن تارىخىي داستان «ئۇرغۇزنامە»دە، ئوغۇزخاننىڭ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا ئولتۇرغان ئىنتايىن ساھىبجامال، كۆزى ئاسماندەك كۆك، چېچى ئېقىن سۇدەك، چىشى ئۈنچىدەك گۈزەل بىر قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئالغانلىقى ھېكايە قىلىنىدۇ. دەرەخلەر تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدە ئىلاھىي ئانىلارنىڭ سىمۋولى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاياللار گۈزەللىكىنىڭ مەنبەسى ۋە گۈزەللىكىنىڭ تىمسالى بولۇشىمۇ تەبىئىي. دېمەك، ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىدىكى ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇش ئادىتىنى قەدىمكى ئەجدادلار تۇرمۇشىدىكى ئانىمىزملىق قاراش ئاساسىدىكى ئېستېتىك ئاڭ نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، دەپ ھۆكۈم قىلىش ئەقىلگە مۇۋاپىق.

ئەنئەنىمىز بويىچە ئايالنىڭ چېچى ھەم ئۇزۇن، ھەم كۆپ بولىدۇ. چاچنىڭ توختاۋسىز ئۆسۈپ بېرىشى خۇددى ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ تەبىئىي يوسۇندا كىشىلەرنى چاچنى ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلۇغلىغاندەك ئۇلۇغلاش، خاسىيەتلىك بىلىشكە ئېلىپ بارغان. شۇ ۋەجىدىن، چاچ — ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئەھمىيەتلىك نەرسە سانىلىدۇ. ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ تارىنىش مەدەنىيىتىنى ئالتۇن ئۈزۈككە تىمسال قىلساق، ئۇزۇن چاچ ئۇنىڭ ياقۇت كۆزىدۇر. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ شەكلى، ئۆرۈمە سانى مەدەنىيەت مەنىسىگە ئىگە بولغان ھالدا، مەلۇم پەرھىزلەرگە رىئايە قىلىنغان ھالدا ياسىلىدۇ. دېمەك، ئۇزۇن چاچ — ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۈچۈن گۈزەللىك ئەلچىسى بولغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇ ئاياللارنىڭ ياش قۇرامى، جەمئىيەتتىكى ئورنى، ئىجتىمائىي سالاھىيىتى قاتارلىقلارنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچى 15، 17، 21، ھەتتا 41 تال قىلىپ تاق ئۆرۈلىدۇ. ھەرگىز جۈپ ئۆرۈلمەيدۇ ھەمدە توي قىلمىغان قىزنىڭ پېشانىسىدە كوكۇلا چېچى بولىدۇ. قىزنىڭ تويى بولىدىغان كۈنى ئۇنىڭ ياتاك (شىللە) قىسمىدىكى چاچ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چۈشۈرۈلىدۇ. توي قىلىپ ئەتىسى ياكى بىر قانچە كۈندىن كېيىن سۇمبۇل چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلىدۇ. بۇ يەردە چاچنى جۈپ ئۆرۈش ياتلىق بولغانلىقنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار جۇۋان دېيىلىپ، ئۇلار ياڭاق سېپكىلەك قويۇش بىلەن بىللە، چېچىنى بەش، يەتتە، توققۇز تال قىلىپ تاق ئۆرۈۋالىدۇ. بۇ تۇللۇقنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ياشانغان (نەۋرىلىك بولغان ئاياللار) ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈپ ئۇنى چاچ تەڭگە بىلەن جۈپلىۋالىدۇ.

ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ چاچ شەكلى ئۆزىنىڭ گۈزەللىك ئېھتىياجىغا قاراپ قىرقى چاچ، ماڭلاي چاچ، كوكۇلا چاچ، ئۇششاق چاچ، سېپكىلەك چاچ، جۇۋان چاچ، ياڭاق سېپكىلەك، گىجەك چاچ (بۇدرە چاچ)، ئەشمە

چاچ، يان ماڭلاي، چېكە ماڭلاي، ئارچا ـ قارىغاي شەكىلـ
لىك تۇرمە چاچ، يۇملاق تۇگۈنچەك، ئېگىز تۇرمە چاچ
دېگەندەك بىر قانچە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مۇتەپەككۇر ۋە ئۇلۇغ ھۆكۈما يۇسۇف خاس
هاجىب «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق ئەسىرىدە يېمەك ـ ئىچـ
مەكنىڭ ئېتىلىش جەريانىدىكى تازىلىق مەسىلىسىگە ئالاھىـ
دە ئورۇن بېرىپ شۇنداق يازغان:

2854 . ئاشپەزنىڭ چىراي شەكلى كۆركەم، قىلىقلىرى
ئۈز بولۇشى، چاچ ـ ساقلى قىرىلغان، قامەتلىك، دىلى
بىلەن تىلى بىردەك بولۇشى كېرەك.

2917 . ئىدىشچىلار پاكىز، ساقالسىز بولۇشى، ئەـ
چىملىككە قىل، تۈك، خەس چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلىنىشى
لازىم ①.

ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى چېچىنىڭ توملۇقى، ئۇزۇنلۇـ
قى ھەم قارىلىقى بىلەن پەخىرلەنگەن ھەم باشقىلار تەرىپىـ
دىن «سۇمبۇل چاچ»، «بوستان چاچ»، «قارا چاچ»
دېگەن گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەنگەن. شۇڭا
ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى چېچىنىڭ گۈزەللىكىنى ۋايىغا يەتكۈـ
زۇش ئۈچۈن، يەرلىك رېتسېپلاردىن — سىياھدان مېيى،
ئوسما سۈيى، شاپتۇل ۋە بادام مېغىزى، تۇخۇم، قۇيرۇق
ماي قاتارلىقلارنى چاچ ئوزۇقى سۈپىتىدە ئىشلەتكەن.
جىگدە يېلىمىنىڭ چاچقا ھېچقانداق زىيانلىق تەركىب،
ئىشقارلىق رولى بولمىغاچقا، چاچنى ياخشىلاش، نەملىكنى
ئاشۇرۇش، چاچنىڭ ماي تەركىبىنى نورماللاشتۇرۇشتىكى
رولى ئالاھىدە، ئەجدادلىرىمىز ئۇنى ئۇزاق زامانلاردىن
بۇيان ھەم ئوزۇقلاندۇرۇش ھەم پەردازلاش ئورنىدا ئىـ
شلىتىپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدە
چاچ ئاسراشتىكى بەزى يەرلىك رېتسېپلار، تارىنىش ئادىـ
تىمۇ سۆزلىنىدۇ. بىز بۇ ھېكمەت ئۈنچىلىرىدىن قەدىمكى
ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچقا بولغان گۈزەللىك چۈشەنچىسىـ
نىڭ خېلى ئىلغار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. مەسىلەن،

چاچ چۈۋۈلماس يېلىم بىلەن،
ئادەم ئۇرۇلماس بىلىم بىلەن.

چاچنىڭ ئۇزۇنى ئۇلاق،
سۇنىڭ سۇزۇكى بۇلاق.

تارىمىغان چاچنىڭ زىننىتى بولماس.

ئېنىقكى، ئۇزۇن بوستان چاچلىق بولۇش ئاياللار
گۈزەللىكىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ئۇ خوتۇن ـ قىزلارنى



www.uyghurkitap.com



ئەرلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىنىڭ ۋايىغا يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئاساسلىق ئالاھىدىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا كونىلارنىڭ نەزەرىدە چاچ خوتۇن-قىزلارنىڭ مۇھىم زىننىتى. خوتۇن-قىزلارنىڭ چېچى قانچە ئۇزۇن ۋە كۆپ بولسا كىشىلەر ئۇنىڭغا شۇنچە ھەۋەس قىلىدۇ.

سۇمبۇل چاچ مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاشىقلىق سەۋداسىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكى خەلق قوشاقلىرىدا، ناخشا تېكىستلىرىدە زوق-شوق بىلەن كۈيلەنگەن. مەسىلەن،

قارا-قارا قاشلارىڭ،
يەلپۈنىدۇ ساچلىرىڭ.
ساڭا نېمە دەرد كەلدى،
تۆكۈلىدۇ ياشلارىڭ.

مەن ماڭدىم كېچە بىلەن،
ئېرىقنىڭ ئىچى بىلەن.
يىگىت كۆڭلى باغلاندى،
چوكاننىڭ چېچى بىلەن.

ئاتۇش خەلق ناخشىسى «ئاللا خالىدىم»دە مۇنداق گۈزەل مىسرالار بار:

ئالدىڭدىن قاراپ خالىدىم، قاشىڭغا كۆيدۈم،
كەينىڭدىن قاراپ خالىدىم، چاچىڭغا كۆيدۈم.

سوغۇق سۇدا چاچ تاراپ،
چېچى ئۆسمىگەن قىزلار.
نادانغا كۆڭۈل بېرىپ،
تەۋى ئۆسمىگەن قىزلار.

چاچىڭ ئۇزۇنى سەندە،
قاشىڭ قارىسى سەندە،
دەردى يوق دەمسەن مېنى،
دەردىڭ ھەممىسى مەندە.

ئوخشىمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەردە چاچقا قويغان گۈزەللىك ئۆلچىمى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ. غەرب دۆلەتلىرىدە كۆپىنچە سېرىق چاچ ياكى ئالتۇن رەڭلىك چاچلار گۈزەل دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا چاچنىڭ گۈزەللىكىگە قويۇلىدىغان تەلەپ بىر قەدەر يۇقىرى بولۇپ، ئۇزۇن، قارا، پارقىراق، خۇشبۇي، يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان بولۇش ئەجدادلىرىمىز خوتۇن-قىزلىرىنىڭ چېچىغا قويۇلغان تۆت ئۆلچەم. تارىختىن بۇيان نۇرغۇنلىغان يازغۇچى، شائىرلار ساھىبجامالىلارنى، گۈزەل يارلىرىنى «چېچى قۇندۇزدەك قارا»، «قاپقارا سۇمبۇل چاچ» دەپ زوق-شوق بىلەن تەسۋىرلىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك.

گەرچە بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى چاچ مەدەنىيىتىگە يات بولغان ھەر خىل چاچ پاسونلىرى سىڭىپ كىرىپ، سۇمبۇل چاچلار يوقىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچقا ئائىت پەرھىزلىرى، ئەنئەنىۋى چاچ پاسونلىرىغا بولغان تەلپۈنۈشى پۈتۈنلەي سۇسلاپ كەتكىنى يوق. كۆپلىگەن قىز-ئاياللىرىمىز ئادەت كۈچى ۋە ئەنئەنىنىڭ تەسىرىدە يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى جىگدە يېلىمى، تۇخۇم، ناۋات، ئوسما، سىياھدان قاتارلىق چاچقا پايدىلىق نەرسەلەرنى ئىشلىتىپ چاچلىرىنى تېخىمۇ ئۇزۇن، تومۇ ھەم كۆركەم بولۇشنى ئىزدىمەكتە. ئۇزۇن قارا چاچنىڭ كونالىقنىڭ، قولايسىزلىقنىڭ مەنبەسى ئەمەس، بەلكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ، مەڭگۈ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدىغان گۈزەل ئەنئەنىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنىمۇ ھەقىقىي تونۇپ يەتمەكتە.

ئۇيغۇر خانىم-قىزلىرىنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇش ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى. ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىز سەھنىلەردە، ئېكرانلاردا نامايان بولۇپلا قالماي، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى چاقنىتالىسا بۇنى ھەقىقىي گۈزەللىك، تەبىئىيلىك، خاسلىق دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا ئۇزۇن چاچ قويۇشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز، ئەجدادلارنىڭ روھى ۋە ئۆدۆملىرىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئەۋلادلارغا ئۇزۇن قارا چاچلىق ئېسىل قىزلىرىمىزنىڭ، گۈزەل ئانىلىرىمىزنىڭ سىماسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشىمىز كېرەك.

ئىزاھات:

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» نەسرىي يەشمىسى، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006-يىلى 6-ئاي، 2-نەشرى، 356-363-بەت.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئەدەبىياتى 2014-يىللىق ئاسپىرانتى)



# تەۋەككۇلدا فولكلور ۋە تىل تەكشۈرۈش

(ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسى)

مەتسەئىدى مەتقاسىم، گۈلباھار مەتتوختى

## ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە

تەۋەككۇل — سېۋىن ھېدىن، ستەيىن قاتارلىق چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ خاتىرىلىرىدە كۆپ تىلغا ئېلىنغان داڭلىق يۇرت بولۇپ، ئۇ يورۇڭقاش دەرياسى تۆۋەن ئېقىنىنىڭ غەربىي ساھىلىدىكى يەلپۈگۈچسىمان چوڭ بوستانلىق ھېسابلىنىدۇ. تەۋەككۇل بۇنىڭدىن 100 يىللار ئىلگىرى تەۋەككۇل كەنتى دەپ ئاتىلاتتى. بۇ كەنتتىكى بىر قىسىم ئىشلەمچىلەر ئەينى ۋاقىتتا تەكلىماكان-دىكى راۋاق، ئاقسىپىل، دەندان ئۆيلۈك (تەكلىماكان شەھىرى)، قارادۆڭ، ئۈزۈنتات (ئۈزۈنتېتىر) قاتارلىق قەدىمىي ئىزلارنى بايقاش ۋە قېزىشقا قاتناشقان. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە تەۋەككۇللۇق ئەخمەت مەرگەن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى قاسىمئاخۇن دېگەن كىشى سېۋىن ھېدىنىڭ تەكلىماكاننى جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتۈش ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىدە مۇھىم رول ئويناپ، سېۋىن ھېدىنىڭ يۇقىرى باھاسى ھەم ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن. تەۋەككۇلدىكى بۇ ئىشلەمچىلەر ۋە ئىزچىلار ئازادلىقتىن بۇرۇنقى يەرلىك «ئارخېئولوگ»لار بولۇپ، ئۇلار چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى دىيارىمىزدا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىن خېلى بۇرۇنلا تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئىزلارنى بەش قولدەك پىششىق بىلەتتى. شۇڭا ئۇلارنى ئالدىراپلا «گۆھەر ئىزدىگۈچى»، «كېپەن ئوغرىسى» دەپ ئاتىماستىن، بەلكى «ئىزچى»، «يول باشلىغۇچى»، «بايقىغۇچى» دېگەنناملار بىلەن ئاتاشقا توغرا

كېلىدۇ. چۈنكى ئۇلار بولمىغان بولسا سېۋىن ھېيدىن، سى-
تەيىنلەر تارىم رايونىدا شۇنچە كۆپ بايقاشلارغا ئېرىشەل-
مىگەن بولاتتى. مەن تەۋەككۇلنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى
ئەلبىلىگ (فولكلور) ئىنى قېزىش، ئاشۇ يەرلىك «ئارخېئ-
لوگ»لارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى ئىزدەش، ئەخمەت
مەرگەننىڭ تەزكىرىسىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە 2011 - يىل
4 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 10 - كۈنىگىچە، 2012 - يىل 6 -
ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە ۋە 2014 - يىل 3 -
ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە تەۋەككۇل يېزىسىدا
ئۈچ قېتىم ئېكسپېدىتسىيە قىلدىم.

2011 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەتىگەن مەن
خوتەن شەھىرىدىن كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، يۇرۇڭ-
قاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى يول بىلەن تەۋەك-
كۇلگە قاراپ ئاتلاندىم. تەلىيىمگە يارىشا ماشىنىدىكى
شوپۇر ۋە ئۈچ يولۇچىنىڭ ھەممىسى تەۋەككۇللۇق كىشى-
لەر بولۇپ، ئۇلار مېنى يازغۇچى دەپ قاراپ، كۆڭلىدىكى
گەپلىرىنى ئايانماي دەپ ماڭدى. مەنمۇ ئۇلاردىن تەۋەك-
كۇل خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادىتى، ئۆيلىرىدە ساقلاپ كېلى-
ۋاتقان مىراس بۇيۇملارنى سورىدىم. مېنى بەكمۇ قىزىق-
تۇرغىنى ئۇلارنىڭ تىل شىۋىسىدىكى ئۆزگىچىلىك بولدى.
ئۇلار «ر» تاۋۇشىنى «ي» دەپ تەلەپپۇز قىلماستىن،
بەلكى «ر» تاۋۇشى بويىچە تەلەپپۇز قىلاتتى. خېلى كۆپ
ساندىكى سۆزلىرى خوتەن شىۋىسىگە يېقىن بولسىمۇ،
لېكىن بەزى سۆزلىرى ئاقسۇ، قەشقەر ۋە كېرىيە شىۋىسى-
گە ئوخشاپ كېتەتتى. كېيىن مەن تەۋەككۇل يېزىسىدىكى
خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق ئارىلاشما تىل
شىۋىسىدە سۆزلىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ خىل تىل
ئادىتى بولۇپمۇ 50 ياشلاردىن ئاشقان كىشىلەردە كۆپرەك
ئىدى. مانا بۇ تەۋەككۇلدىكى كىشىلەرنىڭ ئەسلىدە
خوتەن، ئاقسۇ، قەشقەر، كېرىيە قاتارلىق ئەتراپتىكى
يەرلىك ئاھالىنىڭ يۇغۇرۇلمىسى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت
بېرىپ تۇراتتى.

شۇ قېتىمقى سەپەردە ماڭا تەۋەككۇلدىن چىققان
داڭلىق يازغۇچى تۇرسۇن غوجىئابدۇللا ھەمراھ بولدى.
مەن ئۇنىڭ بىلەن قوشنو (ئەسلىدىكى كېرىيە مەھەللىسى)
دىكى 70 ياشلارغا يېقىنلاشقان ئىلەك بۇران دېگەن كىشى
بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. ئۇ مەن سورىغان سوئاللارغا بىلى-
گىنى بويىچە ئاددىيلا جاۋاب بەردى. ئۇ يەنە ئەقلىگە
كەلگەندىن بۇيان تەۋەككۇلدە كۆرگەن، ئاڭلىغان،
بىلگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىمە خاراكتېرىدە بايان
قىلدى. بۇ بوۋاينىڭ بىر نەچچە چىشى چۈشۈپ كەتكەچ-
كە، بەزى سۆزلەرنىڭ تاۋۇشى ئانچە ئېنىق ئەمەس
ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ مەن قايتا - قايتا سوراش ئارقى-
لىق ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى خاتىرەمگە يېزىۋالدىم ھەم ئۇنىڭ
بىلەن سۈرەتكە چۈشتۇم. شۇ قېتىمقى پاراڭدا ماڭا ئەڭ
يېڭىلىق بولۇپ تۇيۇلغىنى ئىلەك بۇراننىڭ 50 نەچچە ياش
ئەتراپىدا تەۋەككۇلنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر پارچە
چۆللۈكتىن بىر دانە توغراق ئۇلاققا دەپنە قىلىنغان جەسەت-
نى ئۇچراتقانلىقى بولدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە بۇ جەسەت
شامالدا ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، 20 نەچچە ياشلار چامىسى-
دىكى ئەر كىشىنىڭ جەستى ئىكەن. ئۇ بۇ جەسەتنى ئۇچ-
راتقاندىن كېيىن ئۇنى قۇمغا كۆمۈپ قويۇپ قايتىپ
كەپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن توغراق ئۇلاققا دەپنە قىلىنغان
جەسەت تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ ئورنىنى كوچىلاپ سورىدىم
ۋە ئۇنىڭ بىلەن شۇ يەرگە بىللە بېرىشنى ئۆتۈندۈم. ئۇ
سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى تەكىتلەپ بېرىشنى
رەت قىلدى ۋە ئۇ يەرنىڭ ئورنىنى ئېسىدە قالغىنى بويى-
چە ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ ساددا، سەممىي ۋە ئاق كۆ-
ڭۈللۈكى ۋە جەسەتنىڭ ئەھۋالىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە
قەدەر سۆزلەپ بەرگىنىدىن قارىغاندا توغراق ئۇلاققا
دەپنە قىلىنغان جەسەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى راست ئىدى. مەن
بوۋاي بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن تۇرسۇن غوجىئابدۇللا
بىلەن توغراق ئۇلاققا دەپنە قىلىنغان جەسەت بار يەرگە
ئاتلاندۇق. ئەمما ھەرقانچە قىلساقمۇ ئۇ جەسەتنى تاپالمى-
دۇق. چۈنكى ئۇ يەر چەكسىز كەتكەن بىر پارچە چۆل -
جەزىرە ئىدى. بۇ خۇددى قۇملۇقتىن كىچىك ئالتۇن ئىز-
دىگەندەك قىيىن بىر ئىش بولدى خالاس. توغراق
ئۇلاققا دەپنە قىلىنغان جەسەت مېنىڭ تەۋەككۇلغا قىلغان
ئېكسپېدىتسىيەمدىكى ئەڭ يېڭى بايقاش ھېسابلىناتتى.
شۇڭا مەن بۇ ئىشقا ئالاھىدە قىزىقىپ كېيىنكى چاغلاردى-
مۇ شۇ جەسەت ھەققىدە يەنە ئىزدىنىش ئېلىپ باردىم،
ئەمما نەتىجىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولماي كۆڭلۈم تولىمۇ
غەش بولدى، چۈنكى مەن ئۇ جەسەتنى تاپالمىغانىدىم.

مەن سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق قوشنو كەنتىدە

مەرگەن دەپ ئاتىلىدىغان بىر جەمەتنىڭ بارلىقىنى بىلدىم. بۇ جەمەت ئەزالىرى ئىچىدە 73 ياشلار چامىسىدىكى مۇتەللىپ كېرەم دېگەن كىشى خېلىلا ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ كىشىنى ئەخمەت مەرگەننىڭ كېيىنكى ئەۋلادىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم. ئۇ مېنىڭ ئەخمەت مەرگەننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەنلىكىمدىن تولىمۇ مەمنۇن بولدى. تېخى بىر نەچچە يىل بۇرۇنلا ئۇرۇمچىدىن بىر زىيالىينىڭ ماڭا ئوخشاش مەقسەتتە تەۋەككۇلگە كېلىپ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. مۇتەللىپ كېرەمنىڭ ئېيتىشىچە، ئەخمەت مەرگەننىڭ چوڭ ئانىسى ئەخمەت مەرگەن بىلەن ئىككى تۇغقانىكەن. ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى پەقەت مۇشۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنگەچكە مەن ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە داۋاملىق ئىزدىنىپ كۆرۈشنى، كېيىن يەنە كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ تەلىپىمگە قوشۇلۇپ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭغا سېۋىن ھېدىننىڭ ئەينى چاغدا سىزغان ئەخمەت مەرگەننىڭ سۈرىتىنى، سېۋىن ھېدىن، ستەيىنلەر تارتقان تەۋەككۇلدىكى ئىشلەمچىلەرنىڭ چوڭايتىلغان سۈرىتىنى پايدىلىنىش ئۈچۈن بەردىم. ئۇ بۇ سۈرەتلەرگە قاراپ بىر ھازا ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە ئەخمەت مەرگەننىڭ تەۋەككۇلدىكى مەرگەن جەمەتى ئەزالىرىغا خېلىلا ئوخشايدىغانلىقىنى قىياس قىلىپ پەخىرلىك ھېسلارغا چۆمدى.

مەن شۇ قېتىمقى سەپەردە تەۋەككۇلنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇش مەقسىتىدە بىر نەچچە پېشقەدەم كادىر ۋە دېھقانلار بىلەن كۆرۈشتۇم. بۇ جەرياندا تەۋەككۇل خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى، قەدىمكى ۋە ھازىرقى مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم.

2012 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنىگىچە مەن تەۋەككۇلدە مۇتەللىپ كېرەم بىلەن قايتا كۆرۈشتۇم. ئۇ ماڭا ئەخمەت مەرگەننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بايقىغان يېڭى يىپ ئۇچلىرىنى سۆزلەپ بەردى. مەن يەنە ئاتبېشى مەھەللىسى قاتارلىق جايلاردىكى پېشقەدەملەردىن تەۋەككۇللۇق ئىشلەمچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى ئىگىلىگەن بولساممۇ، لېكىن قايىل قىلارلىق ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولالمىدىم. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈشتىن ۋاز كەچمەي، 2014 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن 8 ـ كۈنىگىچە ئېلىپ بارغان ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىمدە ئالدىنقى قېتىمقى پائالىيەتتە كەم قالغان بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشقا تىرىشتىم. بۇ چاغدا مۇتەللىپ كېرەممۇ ئەخمەت مەرگەن توغرىسىدا بىر قەدەر ئىلمىيلىكى بولغان يېڭى ئەھۋاللارنى بايان قىلدى. تەۋەككۇللۇق ئىشلەمچىلەر توغرىسىدىمۇ ئازراق يىپ ئۇچىغا ئېرىشتىم، شۇنداقلا تەۋەككۇل توغرىسىدىكى چۈشەنچەمنىڭ بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ بېرىشىغا ئەگىشىپ بايقىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى رەتلەپ يېزىپ چىقىشقا تەرەددۇت قىلدىم.

تەۋەككۇل توغرىسىدىكى رىۋايەتلىك بايانلار

تەۋەككۇلنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە نامى ھەققىدە كىشىلەر ئارىسىدا ھەر خىل رىۋايەتلەر ساقلانغان. يىغىپ ئېيتقاندا بۇ رىۋايەتلەر تۆۋەندىكى بىر قانچە رىۋايەتتىن تەركىب تاپقان.

1) كونىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، تەۋەككۇل ئىلگىرى پايانسىز يايلاق ئىكەن. 1710 ـ يىللىرى بۇ جاي «جاڭگال» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن، بۇ خىلۋەت يايلاقتا بەگ ۋە بايلارنىڭ پادىلىرى يايلايدىكەن.

ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەننىڭ ھاكىم بېگى مۇھەممەد ئېلىشىر بەگنىڭ نۇرئەھمەد ئىسىملىك ئوغلى ئوۋ ئوۋلاشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇ بىر كۈنى قارچۇغىسىنى ئېلىپ يۈرۈڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى بۇ يايلاقتا ئوۋ ئولاپتۇ ۋە بۇ يېشىل زېمىنغا قاراپ كۆڭلىگە بىر ئىشنى پۈكۈپتۇ. نۇرئەھمەد ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ دادىسىغا يەر ئېچىپ ئاھالە كۆچۈرۈش تەكلىپىنى بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇھەممەد ئېلىشىر بەگ ئوغلىنىڭ بۇ تەكلىپىگە قوشۇلۇپتۇ ۋە 1837 ـ يىلى خوتەن تەۋەسىدىن 4000 كىشىنى ھاشارغا بەلگىلەپ يەر ئېچىشنى باشلاپتۇ. كېيىن بۇ يەرگە 1000 ــ 1200 ئەتراپىدا ئاھالە كۆچۈرۈپتۇ، ئالما غوجا دېگەن كىشى بۇ ماكانغا تۇنجى بەگ بوپتۇ.

2) يېڭى ئېچىلغان ئەڭ دەسلەپكى يەر قوزۇقدۆڭ ئەتراپى ئىكەن، كېيىن ئېچىلغان يەر ھازىرقى «ھولڭ» دېگەن يەرگىچە كېڭىيىپتۇ. بۇ يەرگە ئاھالىلەرنى مەجبۇرىي كۆچۈرۈش توغرىسىدا ھاكىمبەگدىن بۇيرۇق چۈشكەندە نۇرغۇن ياشلار «ئۇ جاڭگالغا بارغۇمىز يوق»

دەپ، چوڭلارنى تەڭلىكتە قويۇپتۇ. بۇ چاغدا بىر بوۋاي: «قوزۇقدۆڭ ئەتراپىدا ئاسماندىن ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇشنىڭ ئېغىزىدىن دۆڭ باغرىغا چۈشكەن تاۋۇز ئۇرۇقچىسىنىڭ پىلىكىدە ئون نەچچە خىل تاۋۇز چۈشكەنمىش، ئۇ ئالتۇن تاۋاقلىق زېمىن ئىكەن. شۇڭا بويۇنتاۋلىق قىلماي «تەۋەككۇل» دەپ، كۆچۈڭلار» دېگەنىكەن، كېيىنچە «تەۋەككۇل» دېگەن بۇ سۆز مۇشۇ يۇرتنىڭ نامى بولۇپ قاپتۇ.

3) مۇھەممەد ئېلشىر ھاكىمبەگنىڭ ئوغلى نۇرئەھمەد ھازىرقى تەۋەككۇلنىڭ زېمىنىدا ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ: «بۇ جاي ناۋاينىڭ تەۋىكىگە ھەم تەۋەككۆلگە ئوخشايدىكەن» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەر ئېچىلىپ يۇرت بەرپا بولغاندا كىشىلەر يۇرت نامىنى «تەۋەككۆل» دەپ ئاتاپتۇ، كېيىن «تەۋەككۆل» دېگەن بۇ سۆز ئاستا - ئاستا «تەۋەككۇل» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

4) كونىلارنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، «تەۋەككۇل» دېگەن يەر نامى ئەلمىساقتىنلا بار ئىمىش. بۇنىڭ رىۋايەتچىلىرى مۇنداق دەيدۇ:

ئەسلىدە تەكلىماكاننىڭ ئىچى چوڭ ھەم ئاۋات شەھەر ئىكەن، يېزىلىرىمۇ شۇنداق تەرەققىي قىلغانىكى، ئۆي - ئۆيلەر بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەچكە، ئۆگزىلەر خۇددى داغدام يولغا ئوخشايدىكەن، ئۆگزىگە چىقىپ قالغان ھەرقانداق جان - جانىۋار ئاقسۇ - كۇچاغىچە يېتىپ بارالايدىكەن. كېيىنچە توپان بالاسى يۈز بەرگەندە شەھەر - يېزىلارنى قۇم بېسىپ كېتىپتۇ، پەقەت «تەۋەككۇل» دېگەن بۇ يېزا ساقلىنىپ قاپتۇ.

5) بۇرۇنقى زاماندا ئاقسۇ - كۇچا تەرەپكە تاۋار - دۇردۇن، شايى - ئەتلەس ئېلىپ ماڭغان سودىگەرلەر «پوستەككۆل» بويىدا قونۇپتۇ، تەڭ كېچە بولغاندا سودىگەرلەر بىر توپ قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپتۇ. بۇ جەرياندا بىر قانچە تاي تاۋار - دۇردۇن «پوستەككۆل»گە چۈشۈپ كېتىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن سودىگەرلەر ئۇ كۆلنى تاۋار چۈشۈپ كەتكەن كۆل، يەنى«تاۋاركۆل» دېگەن نام بىلەن ئاتاپتۇ. «تاۋاركۆل» دېگەن ئىسىم كېيىنچە ئۆزگىرىپ «تەۋەككۇل» دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ.

بۇرۇنقى ئۆرپ - ئادەتلىرى

تەۋەككۇلگە كەلگەن ھەرقانداق بىر كىشى ئالدى بىلەن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ بوي ئېگىزلىكىگە دىققەت قىلماي قالمايدۇ. تەۋەككۇللۇقلەرنىڭ كۆپىنچىسى گەۋدىلىك، ئېگىز بوي بولۇپ، ئۇلار خۇددى رىۋايەتلەردە تەسۋىرلەنگەن قامەتلىك، كېلىشكەن، كۈچتۈڭگۈر كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. قىزغۇچ قۇم رەڭلىك چىرايلار، قاش بىلەن كۆز ئارىلىقىدىكى يېقىنلىق، يوغان - يوغان قاڭشارلار، بېلىق كۆكسىدەك پولتىيىپ چىققان ئىلمەك بۇرۇنلار كىشىدە ئىختىيارسىز ھالدا قەدىمكى تارىم ئاھالىسىنىڭ سىماسىنى ئەسلىتىدۇ. تەۋەككۇللۇقلار ئادەتتە چىقىشقاق، قارنى كۆكسى تەكلىماكاندەك كەڭ، مېھرىبان، كۆيۈمچان، ئاددىي - ساددا، ئاق كۆڭۈل، ئىشچان ھەم باتۇر كىشىلەر بولۇپ، كىشىگە خۇشخۇي ۋە يېقىملىق تۇيغۇ ئاتا قىلىدۇ.

بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى تەۋەككۇل بوستانلىقى قەدىمكى تارىم بوستانلىقى بىلەن تۇتاش كەتكەن يېشىلزارلىق ئىدى. يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ تەۋەككۇلنىڭ شەرقىدىكى ئېقىنى بۇرۇنقى چاغلاردا بىر نەچچە قېتىم ئېقىن ئۆزگەرتىپ، شەرققە ۋە شەرقىي شىمال يۆنىلىشتە ئېقىپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىدىكى ئېكىنزارلىقنى سۇغارغان. مەن تەۋەككۇلدىكى ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا بۇ كونا ئېقىنلارنىڭ قالدۇق ئىزنالىرىنى ئۇچراتقاندىم. مېنىڭ قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيەسىدىكى ئۇزاق يىللىق شەخسىي تەجرىبەم بويىچە ئېيتقاندا، قۇملۇقتا ئۇچرىغان يارلىق ۋە سېغىزلىق بۇرۇنقى كونا ئېقىننىڭ روشەن بېشارىتى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇنداق سېغىز توپنى چوڭ دەريالار تاغلىق رايوندىن كەلكۈن مەزگىلىدە ئېقىتىپ كېلىدۇ. سىزمە سۇ، بۇلاق سۈيىدىن شەكىللەنگەن دەريا - ئېقىنلاردا بۇ خىل سېغىز ماددىسى بولمايدۇ. تەكلىماكان قۇملۇقىدا چېچىلىپ ياتقان كوزىلار مانا مۇشۇ سېغىز توپىنى ئاساسلىق خام ماتېرىيال قىلغان ئاساستا خۇمداندا پىشۇرۇپ ياسالغان. سېغىزلىق تارقالغان جايدىكى قۇمنىڭ رەڭگى كۆكۈش رەڭگە مايىل بولۇپ، قىزىل قۇم ياكى سېرىق قۇمدىن كۆرۈنەرلىك پەرقلىنىدۇ. بۇ خىل قۇمنىڭ كۆچۈش نىسبىتىمۇ تۆۋەنرەك بولىدۇ. قىزىل قۇمنىڭ قۇرغاقلىق دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق، سېرىق قۇمنىڭ تارىخى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك، كۆكۈش قۇمنىڭ بولسا سەل قىسقىراق كېلىدۇ.

يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى كونا دەريا ـ ئېقىن بويلىرىغا تارقالغان قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق ئىزلىرى ۋە كىچىك كۆلەمدىكى قەدىمگاھلار بۈگۈنكى كۈندە قۇم ئاستىدا قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت راۋاق بۇددا مۇنارى ئەنە شۇ كونا تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە بىپايان قۇملۇقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

تەۋەككۇل بۇرۇنقى زاماندا خوتەن بىلەن ئاقسۇ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ ئۆتەڭ بولغاچقا، بۇ جايدا ئىككى يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىيەت، تىل ۋە سودا ئالاقىسى ئۆزئارا ئۇچراشقان. قاراخانىلار مەزگىلىدە بۇ جاي ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى مازارتاغ قاراخانىلار قوشۇنى بىلەن خوتەن بۇددىستلىرى تالىشىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا ئايلىنىپ، قەشقەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت تەسىرىگە ئۇچرىغان. تەۋەككۇلنىڭ شەرقىگە 100 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا كېرىيەنىڭ دەريا بويى، غەربىي تەرىپىگە 60 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان جايدا قاراقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى تۇزلۇق ئوتاق بار بولۇپ، بۇ ئىككى بوستانلىقتىكى كىشىلەرمۇ ئۆزئارا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان. مانا مۇشۇنداق گىرەلەشمە مۇناسىۋەتلەر تەۋككۇلنىڭ ئۆزگىچە بوستانلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ياراتقان. تەۋەككۇل ئەتراپىدىكى مازارتاغ، راۋاق، شۇنداقلا ئىلەك بۇران دېگەن كىشى ئۇچراتقان تەۋەككۇل تەۋەسىدىكى توغراق ئۇلاقتا دەپنە قىلىنغان جەسەت بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى كونا بوستانلىقنى بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق تەۋەككۇلنىڭ قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بۇ يەردە ياشىغان بۇرۇنقى ئاھالىلەر ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئۈزۈمنى ئاساس قىلغان باغۋەنچىلىك ۋە قوشۇمچە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

تەۋەككۇل بوستانلىقىنىڭ تۆت ئەتراپى چەكسىز قۇملۇق بولغاچقا، بۇ يەردىكى كىشىلەر تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە يۇرۇڭقاش دەرياسى ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، يۇلغۇن ـ توغراقلار، يايلاقلار ۋە چۆل يېپىنچى ئۆسۈملۈكلىرى مەۋجۇتلۇقنىڭ كاپالىتى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئىلگىرى ھەرقانداق بىر تەۋەككۇللۇق ئۆمرىدە چوقۇم كەم دېگەندە ئىككى، ئۈچ تۈپ توغراق ياكى يۇلغۇن كۆچىتى يېتىشتۈرۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا ئۇلار ھۆل يۇلغۇن توغراقنى كەسسە قول تىترەيدۇ، سۇغا سىيسە يامان بولىدۇ، ئادەم بولساڭ يەرنى سۆي، ئاشىق بولساڭ يارنى سۆي، شاخ سۇندۇرساڭ قولۇڭ سىنىدۇ، يۇلغۇن كەسسەڭ سېرىق بوران چىقىدۇ دېگەندەك نۇرغۇن ئىدىيوملارنى قالدۇرغان. تەۋەككۇل مېنىڭ نەزەرىمدە خۇددى ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان يوغان بىر پارچە ئەتلەسكە ئوخشايتتى. تەۋەككۇللۇقلار بولسا ئاشۇ ئەتلەسنى نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان توقۇپ چىققان ماھىر ئۇستىلار ئىدى. ئەجدادلاردىكى تەبىئەتنى سۆيۈش، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش، تەبىئەتنى گۈزەللەشتۈرۈش ئادىتى ھېلىھەم بۇ يەردە يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئىبارەت بۇ ئۈزۈلمەس ئېقىندەك داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

رەڭ قارىشى جەھەتتە بۇ يەردىكى كىشىلەر يېشىل رەڭ، سېرىق رەڭ ۋە ئاق رەڭنى ياقتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، يېشىل رەڭ ھاياتلىققا، سېرىق رەڭ تەكلىماكانغا، ئاق رەڭ پاكلىققا سىمۋول قىلىنغان. توقۇغان ئەتلەس، گىلەم، جاۋا، كىگىزلەردىمۇ مۇشۇ خىل رەڭلەرنىڭ جۇلاسى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ساندۇق، تام زەدىۋاللىرىدىكى يېشىل، سېرىق ۋە ئاق رەڭلەردىن ئىشلەنگەن گۈزەل تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئۇلارنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى، گۈزەللىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. مەن تەۋەككۇلدىكى چېغىمدا نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ قازىنىقىغا كىرىپ، ئۇ يەردە ئاتا ـ بوۋىلاردىن مىراس قالغان، بۈگۈنكى كۈندە ئىشلىتىلمەي ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كەلگەن ھەر خىل تۇرمۇش بۇيۇملىرى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، ئوۋچىلىق سايمانلىرى ۋە كونا كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئۇچراتتىم. كونا ئۆيلەرنىڭ ئايۋان ـ پېشايۋان، پەرمان، بالا، خە، سالاسۇنلىرى ۋە ئويۇقچىلارنىڭ جىيەكلىرىدىكى ماڭا تونۇش نەقىشلەر بۇرۇنقى تەۋەككۇللۇقلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ روھىيىتى مۇشۇ تەۋەككۇل بوستانلىقىدەك شۇنچە پاكىز ھەم گۈزەللىككە تويۇنغانىدى. ئۇلار خۇددى «ئەجدادىڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقنى قۇرۇتما» دېگەندەك ئەھمىيەتلىك

www.uyghurkitap.com



ئىشلارنى قىلىپ، ئاتا - بوۋىسىنىڭ روھىيەت چىرىغىنى ئۆچۈرمەي كەلگەن.

بۇرۇنقى تەۋەككۇللۇقلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتىدە ساتما ئۆي ۋە قۇشام تاملىق ئۆي ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. بۈگۈنكى كۈندە تەۋەككۇلدە ساقلىنىپ قالغان كونا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك نيا ناھىيەسىنىڭ شىمالىغا 70 كىلومېتىر كېلىدىغان قاپاقئاسقان كەنتى، قاپاقئاسقاننىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان ياتوگۇز كەنتى، ئەندىر يېزىسى، كېرىيە ناھىيەسىنىڭ دەريا بويى يېزىسى، چىرا ناھىيەسىدىكى داماكۇ، گۈلاخما يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى تاشلاندۇق ئۆيلەر، قاراقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان تۈزلۇق ئوتاقتىكى ئاھالىلەرنىڭ بۇرۇنقى ئۆيلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ. تەۋەككۇللۇقلار ئادەتتە بۇ خىل ئۆيلەرنى قىسقارتىپ «قۇشام» دەپلا ئاتاشقا ئادەتلەنگەن. قۇشام بىلەن ساتمىنىڭ شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن قۇشامنىڭ تاملىرى سېغىز لايدا سۇۋالغان بولىدۇ. بىراق ساتمىنىڭ سۇۋالماي ۋەدۇكلىرى توقۇلغان ھالەتتە تۇرىدۇ. دېمەك، تەۋەككۇللۇقلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتى قەدىمكى تارىم ئاھالىسىنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئادىتىنىڭ داۋامى ھەم راۋاجى ھېسابلىنىدۇ.

تەۋەككۇللۇقلار بۇرۇنقى چاغلاردا كۆمەچ، جىگدە تالقىنى، بېلىق، گۆش، پوكو قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئاساسلىق ئوزۇقلۇق قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۈزۈم شەربىتى، سۈت، قېتىق، ئىستېمال قىلىش ئادىتىمۇ خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. مېھمانغا ئالدى بىلەن ئۈزۈم شەربىتى قۇيۇش ئەنئەنىسى بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە. بوۋايلار ئارىسىدا جىگدە تالقىنى كاپ ئېتىش، يانچۇقىدىن قۇرۇق ئۈزۈم، ياڭاق مېغىزى، ئۆرۈك مېغىزى ئايرىماي، پۇرسەت بولسىلا يەپ مېڭىش ئەھۋالى ھېلىمۇ مەۋجۇت.

تەۋەككۇللۇقلار ئىلگىرى نەزىر - چىراغ ئىشلىرىدا مېھمانلارنى قۇرۇق ئۈزۈم، جىگدە بىلەن ئۇزاتقان بولۇپ، بۇ خىل ئادەت تاكى 1970 - يىللارغىچە داۋاملاشقان.

تەۋەككۇلدە ئۆتكەن بۇرۇنقى كىشىلەر ئارىسىدا ئاۋام تېبابىتى خېلى تەرەققىي قىلىپ، ھەممە كىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز - ئۆزىگە تېۋىپ ياكى يېرىم تېۋىپ بولۇشتەك ھالەت شەكىللەنگەن. ئاتاقلىق ئۇيغۇر تېبابەت ئالىمى، ھەكىم تۇردى ھاجىم مۇشۇ يەردە يېتىلىپ تونۇلغان.

تەۋەككۇللۇقلارنىڭ كىيىم - كېچەك، توي - تۆكۈن ئادەتلىرى ئەتراپتىكى باشقا جايلاردىن كۆرۈنەرلىك پەرقلەنمىگەچكە، مەن بۇ ھەقتە ئايرىم توختالمىدىم.

### يەر - جاي نامىلىرى

1949 - يىلىغىچە تەۋەككۇل بەگلىك تۈزۈمى بويىچە باشقۇرۇلۇپ كېلىنگەن، شۇ چاغلاردا تەۋەككۇل بەگلىكى لوپ ناھىيەسىگە تەۋە بولغان. 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن تەۋەككۇلدە بەگلىك تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ بۇ جاي «8 - رايون» دېگەن نامدا ئاتالغان ھەم خوتەن ناھىيەسىنىڭ بىر مەمۇرىي رايونىغا ئايلانغان. 1958 - يىلى كوممۇنا تۈزۈمى يولغا قويۇلغان يىللاردا «ئالتۇن يۇلتۇز خەلق كوممۇناسى» دېگەن نامدا ئاتالغان. 1984 - ئىسلامئاۋات يېزىسىدىن ئايرىلىپ ئايرىم بىر يېزا بولۇپ قۇرۇلغان. شۇ يىلى دۆلەتنىڭ يەر - جاي نامىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش سىياسىتى بويىچە بۇ جاينىڭ تارىخىي نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ «تەۋەككۇل» دەپ ئاتالغان ۋە ھازىرمۇ شۇنداق ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ يېزا جەنۇبتا يېڭئېرىق يېزىسى، توسالا، تولغانچى، توغرىسۇ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بىلەن، غەربتە يۇرۇڭقاش دەرياسى ئارقىلىق ئىسلامئاۋات يېزىسى بىلەن، شەرقتە تەكلىماكان قۇملۇقى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. تەۋەككۇلنىڭ خوتەن شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 97 كىلومېتىر كېلىدۇ.

تەۋەككۇلنىڭ يەر - جاي نامىلىرى بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيە، تارىخ، مەدەنىيەت ۋە ئىنسانشۇناسلىق ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە مۇئەييەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە، شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ قىسمەن يېڭى بايقاشقا ئېرىشتىم.

ئات بېشى — چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى كۆپ تىلغا ئالغان ھەم سەپەرگە ئاتلانغان باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئات بېشى دەپ ئاتالغانلىقى توغرىسىدا ھەر خىل قاراشلار بار. بەزىلەر ئۇنى ئات بېشى ئۇچرىغان يەر بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان دەپ ئاددىيلا ئىزاھلىسا، يەنە بەزىلەر بۇ يەردە ئىلگىرى بىر قەبرىدىن جەسەت ھەم ئات بېشى چىققاچقا شۇنداق ئاتالغان

دېيىشىدۇ. مېنىڭچە، بۇ قاراشلارنىڭ ئىچىدە ئىككىنچى
خىل قاراشنى تارىخىي چىنلىققا ئۇيغۇن، ئىلمىيلىكى ھەم
دەلىللىكى بولغان بىر خىل ئاقىلانە قاراش دەپ ھېساب-
لاشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار
بۇرۇن تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى ئاھالىلەر ئارىسىدا
مېيىتنى ئات بېشى قاتارلىق ھەمدەمنە بۇيۇملىرى بىلەن
قوشۇپ دەپنە قىلىدىغان ئادەت خېلى ئۇزاق داۋاملاش-
قان. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاتنى ئۇلۇغلاش ئادىتىنىڭ
كونكرېت ئىپادىسى، شۇنداقلا ئىنسانلار بىلەن ئاتنىڭ
قويۇق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.
خەلقىمىز ئارىسىدىكى ئاتقا مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەپسانە،
رىۋايەت، چۆچەك، قوشاق، ھېكمەت ۋە ماقال - تەمسىل-
لەرمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئات بېشى ئىلگىرى
ئات بېشى مەھەللىسى دەپ ئاتالغان بولسا، كېيىن ئات
بېشى كەنتى ياكى ئات بېشى مەھەللە كومىتېتى دەپ ئاتال-
غان. بۈگۈنكى كۈندە بۇ مەھەللە كومىتېتىنىڭ تەركىبىدە
دۆڭ بويى مەھەللىسى، دەريا بويى مەھەللىسى، قاراباغ
مەھەللىسى، غەنچەنباغ مەھەللىسى، چاپان ئايمىقى، ئامبال
ئايمىقى، غېجەك ئايمىقى قاتارلىق مەھەللە ۋە ئايماقلار
بار. يېڭىباغ كەنتىدە ئاقباغ مەھەللىسى، يۇملاقباغ مە-
ھەللىسى، پورەكباغ مەھەللىسى، تەلپەكباغ مەھەللىسى، قا-
غاباغ مەھەللىسى، چىنباغ مەھەللىسى، قوتازباغ مەھەللى-
سى، چىنكۆل مەھەللىسى، تەلپەكباغ ئايمىقى، قاغا ئايمە-
قى، قوتاز ئايمىقى بار. قاتچى كەنتىدە پاختەككۆل مەھەل-
لىسى، ھالكۆل مەھەللىسى، تارانچى ئايمىقى، پوشكال
ئايمىقى، خاپان ئايمىقى، دوقا ئايمىقى، چارا ئايمىقى،
تۆگە ئايمىقى، قاغا ئايمىقى، چارۋا ئايمىقى بار. قوشنو
كەنتىدە ئاتۇقباغ مەھەللىسى، پاسارباغ مەھەللىسى، تاغ
ئېرىق مەھەللىسى، كېرىيە مەھەللىسى، تاغ مەھەللىسى،
خەلپەتباغ مەھەللىسى، مەرگەن ئايمىقى، گاراڭ ئايمىقى
بار. قاخشال كەنتىدە كۇلاباغ مەھەللىسى، شاتۇتباغ مە-
ھەللىسى، قۇمباغ مەھەللىسى، چىلانباغ مەھەللىسى، چە-
تەنباغ مەھەللىسى، قوتاز ئېرىق مەھەللىسى، دىۋانە ئايمە-
قى بار. شەھەر بويى كەنتىدە ئۆتەك مەھەللىسى، خاللاپ
مەھەللىسى، ئاياقچى مەھەللىسى، سېرىق مەھەللىسى، سا-
تىراش مەھەللىسى، تەك ئايمىقى، چۇناق ئايمىقى، بوياق
ئايمىقى، ئۇرۇق ئايمىقى، تۇزچىلار ئايمىقى بار. يۇرۇڭ-
قاش كەنتىدە مەيدەباغ مەھەللىسى، لاتاباغ مەھەللىسى،
كۆنچىباغ مەھەللىسى، كاخانا مەھەللىسى، پوستەكباغ مە-
ھەللىسى، ياپچىباغ مەھەللىسى، چىرا ئۆستەڭ بويى مەھەل-
لىسى، قاغا مەھەللىسى، چوقات مەھەللىسى، كۇيەك مەھەل-
لىسى، قاراقاش مەھەللىسى، كۆنچى مەھەللىسى، چاشقان
مەھەللىسى، تاشلام زاراتگاھلىقى، مەيدە ئايمىقى، كۆنچى
ئايمىقى، قاغا ئايمىقى، چاشقان ئايمىقى، كۇيەك ئايمىقى،
چوقات ئايمىقى، كېپلە ئايمىقى، چاقان ئايمىقى، توخۇر
ئايمىقى، قوشماق ئايمىقى بار. توساللا كەنتىدە ناۋايباغ
مەھەللىسى، پېتباغ مەھەللىسى، ساقالباغ مەھەللىسى، باچ-
كۇباغ مەھەللىسى، گۇلۇكباغ مەھەللىسى، ناۋاي ئايمىقى،
ساقال ئايمىقى، باچكۇ ئايمىقى، پېتى ئايمىقى، مايمۇن ئاي-
مىقى بار. بۇرزان كەنتىدە راۋاباغ مەھەللىسى، كەسمەباغ
مەھەللىسى، كۇچا بويى مەھەللىسى، پورەك ئايمىقى،
گوش ئايمىقى، قارا ئايمىقى، كۇچۇك ئايمىقى، كېلە ئايمە-
قى، قاراگۇل ئايمىقى، راۋاب ئايمىقى، سېرىق ئايمىقى،
كەسمە ئايمىقى، يىلان ئايمىقى، بۇرزان زاراتگاھلىقى كالا
ئايمىقى، دۆش ئايمىقى بار. تارئېغىل كەنتىدە قۇساقباغ
مەھەللىسى، دېمقانباغ مەھەللىسى، كېپلەباغ مەھەللىسى،
قاراباغ مەھەللىسى، مىسكە ئايمىقى، قارا ئايمىقى، خەلپە
ئايمىقى، قۇساق ئايمىقى، دەكچى ئايمىقى، كۇچۇك ئايمە-
قى، سېرىق ئايمىقى، سوقۇچاق ئايمىقى، داخان ئايمىقى
بار. ئارقا ئۆستەڭ كەنتىدە جىنباغ مەھەللىسى، قاغاباغ
مەھەللىسى، كەسباغ مەھەللىسى، بۇلۇڭباغ مەھەللىسى،
پەغەز ئېرىق مەھەللىسى، چۇقاباغ مەھەللىسى، سوقۇچاق
ئايمىقى، پەللەك ئايمىقى، گەرەن ئايمىقى، قاغا ئايمىقى،
مارىغۇچ ئايمىقى، سىڭايان ئايمىقى، جىگدە ئايمىقى،
پوستەك ئايمىقى، جىن ئايمىقى، چېكە ئايمىقى، چىشلىمە
ئايمىقى بار. قاسساپئېرىق كەنتىدە دۆڭ مەھەللە، تار
چۇكە مەھەللىسى، قاپاقباغ مەھەللىسى، داقباغ مەھەللى-
سى، چاۋار ئايمىقى، قاپاق ئايمىقى، تېكە ئايمىقى، خامچى
ئايمىقى، سوقۇچاق ئايمىقى، قاراقۇلاق ئايمىقى، گۇمبۇر
ئايمىقى، پاۋان ئايمىقى، تۇگمەن ئايمىقى، كاۋا ئايمىقى،
سارام ئايمىقى، خالۋاپ ئايمىقى، پاچاق ئايمىقى، كاپات
ئايمىقى بار. يەكشەنبەبازار كەنتىدە كۇراباغ مەھەللىسى،
تازباغ مەھەللىسى، كۇساباغ مەھەللىسى، خەلپەباغ مەھەل-
لىسى، گوش ئايمىقى، يىنچىكە ئايمىقى، ھىدايەت ئايمىقى،
مەدەك ئايمىقى، كۇسا ئايمىقى بار. ھولڭ كەنتىدە يىكەن-
لىك يار مەھەللىسى، خالادباغ مەھەللىسى، بەڭگباغ

uyghurkitap.com



مەھەللىسى، ھاجىباغ مەھەللىسى پوباش ئايمىقى، كۇمۇت ئايمىقى، شەللەك ئايمىقى، كەسمە ئايمىقى بار.

## سېۋېن ھېدىن ۋە ئەخمەت مەرگەن

1895 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى سېۋېن ھېدىننىڭ قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنى مەكىت ناھىيەسىنىڭ مەكىت يېزىسى مەكىت كەنتىدىكى توختى خوجىنىڭ قورۇسىدىن يولغا چىقىپ تەكلىماكانغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنىدا سېۋېن ھېدىندىن باشقا يەنە سېۋېن ھېدىننىڭ ياردەمچىسى ئىسلامباي، يول باشلىغۇچى قاسىم ئاخۇن ۋە مۇھەممەتشاھ ئىككى تۆگىچى بار ئىدى. سەككىز تۆگىگە ئۈچ ئايلىق ئوزۇق، جۇۋا، يۇڭ ئەدىيال، قىشلىق كىيىم ۋە قورال ـ سايمانلار ئارتىلغان بولۇپ، ئىككى ئىت، ئۈچ قوي، بىر خوراز، ئون مېكيانمۇ بۇ كارۋاننىڭ ھەمراھلىرى ئىدى.

سېۋېن ھېدىننىڭ قۇملۇق ئېكسپېدىتسىيە كارۋىنى يەكەن دەرياسى ساھىلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مازارتاغدىن خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى مازارتاغنى نىشانلاپ، ئەڭ ئېگىز قۇم بارخانلىرى توپىنى مىڭبىر مۇشاقەتتە بېسىپ ئۆتۈپ، ھېچقانداق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۇچراتماي، «ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان يوق» ھالەتتە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقاندا سۇنىڭ مۇددەتتىن بۇرۇن تۈگەپ كېتىشى سەۋەبلىك مەنزىلگە ئاز قالغاندا ھالاكەتكە قاراپ يۈزلەندى. ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ھەقىقەتەنمۇ تۆۋەن مۆلچەرلەپ، ئىشنىڭ بېشىدا تەييارلىقنى پۇختا قىلمىغانىدى. شۇنداق قىلىپ سېۋېن ھېدىن شۇ قېتىمقى سەپەردە بارلىق تۆگىلىرىدىن ئايرىلىش، ئىككى تۆگىچىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى سۇنى ئىچىپ ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ. ئۇ سۇنى ئۆتىكىگە قاچىلاپ، كەينىگە يېنىپ بېرىپ يېقىن يەردىكى قاسىمئاخۇننى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. كېيىن سېۋېن ھېدىن خوتەن شەھىرىگە 250 كىلومېتىر، 150 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا يۈسۈپباي، توختىباي، پاشائاخۇندىن ئىبارەت ئۈچ پادىچىنىڭ كۈتۈشىگە ئېرىشىپ روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئىسلامباي ۋە قاسىمئاخۇنلار بىلەن ئۇچرىشىدۇ. سېۋېن ھېدىن قۇملۇقتىكى گازارمىدا تاشلىنىپ قالغان نەرسە ـ كېرەكلەرنى قايتۇرۇپ كېلىشنى پىلانلاۋاتقان بىر پەيتتە ئىككى ئوۋچى ۋە ئۇلارنىڭ دادىسى ئەخمەت مەرگەننى ئۇچرىتىدۇ، سېۋېن ھېدىن بۇ ھەقتە خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

شۇ كۈنى كەچتە ياش ئىككى ئوۋچى بىزنى يوقلاپ كەلدى. ئۇلار ئوۋ مىلتىقىنى مۈرىسىگە ئېسىۋالغانىدى. ئۇلار بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىنى ياخشى بىلگەچكە، ئۇلارنى ئىسلامباي بىلەن قاسىمئاخۇنغا ھەمراھ بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى گازارمىمىز — «ھالاكەت گازارمىسى»نى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ياللىۋالدىم. بۇ چاغدا بۇ ئىككى ئوۋچىنىڭ دادىسى ئەخمەت مەرگەنمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ بەستلىك، ئىلمەك بۇرۇن، ئۇچلۇق ساقاللىق ئادەم ئىدى. ئۇمۇ بۇ ئىشقا رازىلىق بىلەن قاتناشتى. ئۇ بىر قېتىم ئوۋ ئوۋلاپ ھېلىقى ئۈچ تۈپ توغراق بار يەرگە بارغانىكەن، قاسىمئاخۇن بىلەن ئىككىمىز شۇ جايدا بەلگە بېرىش ئۈچۈن ئوت قالىغانىدۇق.

5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت بىردە ئىسلامباي، قاسىمئاخۇن، ئەخمەت مەرگەن ۋە ئۇنىڭ بىر ئوغلى ئۈچ ئېتىمنى ئېلىپ، بىر تۇلۇمغا سۇ قاچىلاپ ئورمانلىقتىكى تۇرالغۇمىزدىن ئايرىلدى. مەن بۇ يەردە ئۈچ پادىچىغا ھەمراھ بولۇپ، جىسمانىي قۇۋۋىتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن قېپقالدىم ۋە بۇ قېتىمقى قۇملۇق سەپىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلىكىنى تولۇقلاپ يازدىم ھەمدە بىر يۈرۈش قۇملۇق يەر شەكلى خەرىتىسى سىزىپ چىقتىم.①

سېۋېن ھېدىن شۇ چاغدا كەپىدە ئولتۇرۇپ ئەخمەت مەرگەننىڭ سۈرىتىنى سىزغان. كېيىن بۇ سۈرەت ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن ھەم سۈرەت ئاستىغا «خوتەننىڭ تەۋەككۇل كەنتىدىكى ئوۋچى ئەخمەت مەرگەن» دەپ قىسقىچە چۈشەندۈرۈش يازغان. لېكىن سېۋېن ھېدىن ئۆز ئەسەرلىرىدە تەۋەككۇلنى خوتەننىڭ قاراقاش دېگەن يېرىدىكى بىر چوڭ كەنت، دەپ خاتا ئىزاھلىغان. ئەمەلىيەتتە تەۋەككۇل قاراقاش دەرياسى ساھىلىدا ئەمەس، بەلكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلىدا ئىدى. ئۇ يەنە مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان:

بىز دەريا قىنىنى بويلاپ ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ماڭدۇق. ئىسلامباي بىلەن ھېلىقى ئوۋچى يوقاپ كەتكەن تۆگە ـ نارنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ ماڭدى؛ مەن ئەخمەت

017

مەرگەن بىلەن ئاتلىق دەريا قىنى بىلەن ماڭدىم، قاسىمئاخۇن تۆگىنى يېتىلەپ بىز بىلەن ماڭدى.

كەچتە بىز جېنىمىزنى قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى كۆلچەك بويىغا يېتىپ كەلدۇق. گەرچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ھېلىقى بىر توپ قومۇشنى ۋە سۇ ئۈستىدە يانتۇ تۇرغان قۇرۇق توغراقنى شۇئان تونۇۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ يەردە بىر سائەت ئارام ئېلىپ، بۇ قىممەتلىك سۇنى يەنە بىر قېتىم ئىچىپ، كەينىمىزدە قالغان قاسىمئاخۇننى ساقلىدۇق.

ئەخمەت مەرگەن 1895 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ ئاقسۇ تەرەپكە يول ئالغان سېۋېن ھېدىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىغا بىر ئوغلىنى قوشۇپ قويۇپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشقان. ئۇلار خوشلاشقان جاي خوتەن دەرياسىنىڭ تارىم دەرياسىغا قۇيۇلۇش ئېغىزىغا يېقىنلا قالغان جاي ئىدى. سېۋېن ھېدىن «ئاسىيانى كېسىپ ئۆتۈش» ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىسىدە ئەخمەت مەرگەننى «بىزنىڭ ئاق كۆڭۈل ئوۋچىمىز» دەپ سۈپەتلىگەن.

1895 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ بېشىدا بېرلىن ۋە تاشكەنتتىن يېتىپ كەلگەن لازىمەتلىرىنى تاپشۇرۇۋالغان سېۋېن ھېدىن 12 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قەشقەردە يېڭىباشتىن ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەشكىللەپ، يەكەندە 20 كۈندەك ئېكسپېدىتسىيەدە بولدى ۋە 1896 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى خوتەن شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ. سېۋېن ھېدىن خوتەننىڭ شۇ چاغدىكى ئامباق بېگى ليۇ جىدېنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىپ، قۇملۇقتا يىتكەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەكلىماكانغا قىلىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسى ئۈچۈن كارۋان ئەترىتىنى قايتىدىن تەشكىللەيدۇ. ئۇ بۇ ئەترەتكە ئىسلامباي، ئوشلۇق ھوشۇر كەرىمجاندىن باشقا، يەنە ئەخمەت مەرگەن، ئەخمەت مەرگەننىڭ ئوغلى قاسىمئاخۇن (ئالدىنقى قېتىمقى يول باشلىغۇچى قاسىمئاخۇن مەكىتلىك، ئۇ سېۋېن ھېدىننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە رۇسىيەنىڭ قەشقەردىكى كونسۇلخانىسىدا دەرۋازىۋەن بولۇپ قالغان)، پادىچى پاشائاخۇن ۋە يۈسۈپباينى يېڭىدىن سەپلەيدۇ. ئۇ ئالدىنقى قېتىمقى تەجرىبە ـ ساۋاقنى يەكۈنلەپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە سۇنى يېتەرلىك تەييارلاپ، تۆت كۈن يول يۈرۈپ 1986 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تەۋەككۇل كەنتىدە بىر كۈن ئارام ئېلىپ، بۇ يەردىن ياقۇپشاھ ۋە يەنە بىر يول باشلىغۇچىنى ئەترەتكە قوشۇپ، ئەتىسى شەرق تەرەپتىكى دەندان ئۆيلۈككە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئادەتتە تەۋەككۇلدىن دەندان ئۆيلۈك خارابىسىگە تەخمىنەن 65 كىلومېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە بۇ ئەترەت ئەزالىرى دەندان ئۆيلۈك خارابىسىنى قېزىپ نۇرغۇن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ، كېرىيە دەرياسىنىڭ دەريا بويىغا بېرىش ئالدىدا تەۋەككۇللۇق ئىككى يول باشلىغۇچى قايتىپ كېتىدۇ، قالغان كىشىلەر دەريانى بويلاپ توڭگۇز باستى («ھايات ـ ماماتلىق باياۋان» ناملىق كىتابتا توڭگۇز باستى «توڭگۇزباش» دەپ خاتا ئېلىنغان — ئاپتوردىن) ئارقىلىق داۋاملىق شىمالغا قاراپ ماڭىدۇ. قارادۆڭ خارابىسىنىڭ گېپى بولغاندا ئەخمەت مەرگەننىڭ ئوغلى قاسىمئاخۇن سېۋېن ھېدىنغا ئىلگىرى تەۋەككۇلدىن يولغا چىقىپ بەش كۈندە بۇ خارابىلىككە كېلىپ بايلىق ئىزدىگەنلىكىنى، تەۋەككۇلدىكى نۇرغۇن ئوۋچى ۋە پادىچىلارنىڭ بۇ خارابىلىكنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. دەريا بويىنىڭ چاتاق دېگەن يېرىدە نۇرغۇن ياۋا تۆگىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئەترەت ئەزالىرى ئۇنى كۆرۈش ۋە ئوۋلاش ئىستىكىدە بولىدۇ. بۇ چاغدا ئەخمەت مەرگەن سېۋېن ھېدىنغا؛ «بۇ قەدىمكى دەۋرلەردىكى شەھەر ئاھالىلىرى ئۆيلىرىدە باققان تۆگىلەرنىڭ ئەسلى نەسلى بولسا كېرەك»② دەپ چۈشەندۈرىدۇ. سېۋېن ھېدىن ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ناھايىتى ئىشەنچلىك دەپ قارايدۇ. 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۇلار ئوتلاۋاتقان بىر توپ ياۋا تۆگىلەرنى ئۇچرىتىدۇ، ئوۋچى قاسىمئاخۇن بۇ تۆگىلەرگە ئوق چىقىرىپ بىر تۆگىنى يىقىتىدۇ.

ئەخمەت مەرگەن قۇملۇقتىكى خېلى ئىشلارنى ئوبدان بىلەتتى. 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى ئۇ بىر تۇلكىنىڭ كۆز ئالدىدىكى لىنىيەدىن ئىككى قېتىم توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن ئىزىنى، يەنە بىر قاغىنىڭ شىمال تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سېۋېن ھېدىنغا ئىشەنچ بىلەن: «بۇ قاغا ھېلىقى ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ياۋا تۆگىلەرنىڭ ھىدىنى پۇراپ، ھەمراھلىرىنى بۇ كاتتا زىياپەتتىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن ئالدىراش تارىم دەرياسى تەرەپكە كېتىۋاتىدۇ»③ دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ بۇ ئەترەت قۇملۇقتا نۇرغۇن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



رىيازەتلەرنى چېكىپ، تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى قاراداش «قاراكۆل» دېگەن يەرگە، ئەتىسى تارىم دەرياسىدىن ئۆتۈپ، دەريانىڭ شىمالىدىكى چىمەن كەنتىگە يېتىپ كېلىدۇ، بۇ ئىككى جاي شايار ناھىيەسىنىڭ كەنتلىرى ئىدى. سېۋىن ھېدىن خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئەخمەت مەرگەن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى قاسىمئاخۇن چىمەن كەنتىدە بىز بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. مېنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلاردىن ئايرىلغۇم كەلمىدى. لېكىن ئۇلار ئەتىياز كېلىپ قالدى، يۇرتتىكى تۇغقانلار بىزنىڭ قايتىپ بېرىپ دېھقانچىلىق قىلىشىمىزنى كۈتۈۋاتىدۇ دەپ تۇرۇۋالدى. دېمىسىمۇ ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق بولغان قۇملۇقنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقتىن كۈندىن - كۈنگە يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئويلىغىنىدا، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن بېشى قاتاتتى④.

بۇ قېتىمقى سەپەردە ئەخمەت مەرگەن ئوغلى قاسىم ئاخۇن بىلەن سېۋىن ھېدىنغا 1896 - يىل 1 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە جەمئىي 48 كۈن ھەمراھ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ تارىم دەرياسىغا يېتىپ بارغۇچە 41 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىندى. بۇ جەرياندا بۇ دادىل بالا ئىككىيلەن سېۋىن ھېدىننىڭ كېرىيە دەريا ۋادىسىنىڭ تۇنجى خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىش، بۇ دەريانىڭ شىمال تەرىپىدىكى قۇملۇقتا ياشايدىغان ياۋا تۆگىلەرنى تەكشۈرۈش، كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى توغرۇز باستىدا جاھاندىن خەۋەرسىز ياشاپ كېلىۋاتقان پادىچىلار (سېۋىن ھېدىن ئەمەلىيەتتە بۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ باراق ھەم تەكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ جەمەت كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، خاتا ھالدا ئۇلارنى «پادىچىلار قەبىلىسى» دەپ يازغان) بىلەن تونۇشۇش، ئىككى قەدىمىي شەھەرنى بايقاش ئىشلىرىغا ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشقان. شۇ قېتىمقى سەپەردىن كېيىن سېۋىن ھېدىن شاياردىن يولغا چىقىپ تارىم دەرياسى ئارقىلىق لوپنۇر كۆلى ۋە قارا قۇشۇن، ئابدال قاتارلىق جايلاردىكى لوپلۇقلار ئارىسىغا ئوغۇشلۇق يېتىپ بارغان.

ئۇ شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى لوپنۇر كۆلى بويىدىكى ئابدالدىن يولغا چىقىپ، چاقلىق، چەرچەن، نىيا، كېرىيە ئارقىلىق 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خوتەن شەھرىگە ئاتلىق يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ شەھەرگە كېلىپلا لىۋ بېگىم ۋە رۇسىيەگە قاراشلىق ئوتتۇرا ئاسىيالىق سودىگەرلەرنىڭ كاتتىبېشى سېيىت كەرىمباي قولغا چۈشۈرگەن ئەينى چاغدا «ھالاكەت گازارمىسى»دا سىرلىق يوقاپ كەتكەن يۈك - تاقلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى كۆرۈپ ھەيران قالىدۇ. ئەسلىدە بۇ نەرسىلەرنى ئەخمەت مەرگەن، قاسىمئاخۇن ۋە توختىشاھ سېۋىن ھېدىن قەشقەرگە كېتىپ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي گازازارمىغا قايتا بېرىپ، تېپىپ كېلىدۇ. تەۋەككۇلنىڭ بېگى توختىبەگ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، مەرگەنلەرنى ئازدۇرۇپ، ئۇلارغا بارلىق نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ قويۇش، بىر قىسمىنى سېتىۋېتىش، يەرلىك كىشىلەرگە قىلچە كېرىكى يوق نەرسىلەرنى ئۆزلىرى ساقلاپ قېلىشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، سېۋىن ھېدىن خاتىرىسىگە مۇنداق يازغان:

بۇ ئوۋچىلار ئەسلىدە ناھايىتى دۇرۇس ئادەملەر ئىكەن، ئۇلار توختىبەگنىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن مېنىڭ قىممىتى 2000 ماركتىن ئاشىدىغان نەرسىلىرىمنى سېتىۋەتكەن.

ئەخمەت مەرگەن بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى قاسىمئاخۇن مەن كېرىيە دەرياسى بويىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ماڭا ھەمراھ بولغانىدى. ھەر قېتىم قۇملۇقتىكى ئېكسپېدىتسىيە سەپىرىم ۋە يىتۈپ كەتكەن نەرسىلىرىم ئۈستىدە گەپ بولغاندا، ئۇلار ناھايىتى ئىشەنچلىك تەلەپپۇزدا «يىتۈپ كەتكەن نەرسىلىرىڭىز چوقۇم تېپىلىدۇ، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ» دەيتتى. ئۇلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ نەرسىلەرنى بىر قېتىم ئىزدىمەكچىمۇ بولغانىدى. مانا ئەمدى مەن ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بۇ گەپلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ۋىجدان جەھەتتىن بىئارام بولۇۋاتقانلىقىدىن دېيىلگەن گەپلەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم⑤.

1896 - يىل 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى سېۋىن ھېدىن خوتەندىن ئايرىلىش ئالدىدا دەۋالىشىۋاتقان توختىبەگ ۋە ئوۋچىلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى ۋە ئەخمەت مەرگەن قاتارلىق ئوۋچىلارنىڭ ئۆزىگە رەھمەت ئېيتقانلىقىنى قەيت قىلغان. شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش سېۋىن ھېدىن بىلەن ئەخمەت مەرگەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئۇچرىشىشى بولۇپ قالغان.

مەن تەۋەككۇلدىكى ئۈچ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا ئەخمەت مەرگەننىڭ نەسەبى ۋە كېيىنكى

2017.2

ئەۋلادلىرى ھەققىدە خېلى كۆپ ئىزدەندىم. ئالدى بىلەن تەۋەككۇل ۋە ئىسلامئاۋات يېزىسى تەۋەسىدە مەرگەن جەمەتى ياكى ھېچ بولمىغاندا مەرگەن لەقەملىك كىشىلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئىزدەنگىنىمگە يارىشا بۇ ھەقتە دەسلەپكى بىرىنچى قول ماتېرىيالغا ئىگە بولدۇم. 2011 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەن تەۋەككۇلگە كېلىپلا ئەتىسى ئىسلامئاۋات يېزىسىغا بېرىپ ئۇ يەردە مەرگەن جەمەتى ياكى مەرگەن لەقەملىك كىشىلەرنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىدىم. ئەمما ئۇ يەردە بۇنداق جەمەت ۋە لەقەملىك كىشىلەرنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، يەنە تەۋەككۇلگە قايتىپ كەلدىم. ئىسلامئاۋات يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىگە، تەۋەككۇل بولسا شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ ئىككى بوستانلىقنى يۇرۇڭقاش دەرياسى بىر - بىرىدىن ئايرىپ تۇراتتى. ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئىسلامئاۋات بىلەن تەۋەككۇلدىكى كىشىلەر خۇددى ئاكا - ئۇكا قېرىنداشتەك يېقىن مۇناسىۋەتتە ئۆتكەچكە، بۇ ئىككى بوستانلىقتىكى كىشىلەر بىر - بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. مەن تەۋەككۇلدە مۇتەللىپ مەرگەن دېگەن كىشىنىڭ بارلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يازغۇچى تۇرسۇن غوجئابدۇللا بىلەن ئۇنى ئىزدەپ قوشنا كەنتتىكى ئۆيىگە باردىم. مۇتەللىپ مەرگەننىڭ تولۇق ئىسمى مۇتەللىپ كېرەم بولۇپ، ئۇ شۇ چاغدا 66 ياشتا ئىكەن. ئۇ ئازادە ھەم مىللىي ئۇسلۇبتا بېزەلگەن قوشام ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى بىلگەندىن كېيىن، دىرەۋزىۋنلىك بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى ۋە ئەخمەت مەرگەن ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. لېكىن ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگىنى تولۇق ھەم قايىل قىلارلىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ئىشنى ئۇنىڭ داۋاملىق ئىزدىنىپ كۆرۈشىگە ھاۋالە قىلىپ قايتىپ كەتتىم، تەۋەككۇلگە ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە مەن مۇتەللىپ كېرەمدىن يەنە ئەخمەت مەرگەن توغرىسىدا ئەھۋال ئىگىلىدىم. ئۇ بۇ قېتىم ئالدىنقى قېتىمقىغا قارىغاندا خېلى كۆپ ئىزدىنىپ ئەخمەت مەرگەنگە مۇناسىۋەتلىك يىپ ئۇچلىرىنى ئۇرۇق - تۇغقان ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ كىچىك بىر قەغەزگە يېزىپ تەييارلاپتۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ يازمىسىنى كۆرۈپ تولىمۇ خۇش بولدۇم. مەن 2014- يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى فولكلور تەتقىقاتچىسى مەخمۇتجان سىدىق بىلگىيار بىلەن يەنە ئۇنى ئىزدەپ ئۆيىگە باردىم ۋە ئەخمەت مەرگەن ھەققىدە يېڭى يىپ ئۇچى بايقىغان ياكى بايقىمىغانلىقىنى سورىدىم. ئۇ بۇ قېتىم ئەخمەت مەرگەن ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق سۆزلەپ بەردى، مەن ئەسلىي بۇ بوۋاينى ئاۋارە قىلماي ئەخمەت مەرگەن ھەققىدىكى ئەھۋاللارنى ئۆزۈم ئىگىلىسەم بولاتتى، لېكىن بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە بىر ئاي ئەتراپىدا ۋاقىت كەچكەچكە، بۇنىڭغا مېنىڭ ۋاقتىم يار بەرمەيتتى. ھېلىمۇ مەن بۇ يەرگە دەم ئېلىش كۈنلىرى ۋاقىت چىقىرىپ ياكى خىزمەت رۇخسىتى سوراپ ئاران دېگەندە كەلگەنىدىم. شۇنداق قىلىپ «تىلسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك ئىزدەنگىنىمگە يارىشا ئەخمەت مەرگەن ھەققىدە تۆۋەندىكى قىسقىچە تەزكىرىنى يازدىم.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 يىللار ئىلگىرى لوپ ئايمىقىنىڭ يۇرۇڭقاش كەنتىدىكى سۇلتان موللام (لەقىمى داراق) قوي - كالا بېقىش ئۈچۈن خوتەن دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى مازارتاغ ئەتراپىغا كېلىپ، بىر مەزگىل پادىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ بۇ جەرياندا مازارتاغدا كۆمۈر بايقاپ، ياز پەسلىدە بىر تەرەپتىن پادا باقسا، يەنە بىر تەرەپتىن كۆمۈر ۋە ئوتۇن يىغىپ، ئۇنى قىش پەسلىدە خوتەن شەھىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدىغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنى سۇلتان كۆمۈرچى دەپمۇ ئاتاشقان. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ ئۇ 50 ياشلارغا كىرگەندە تەۋەككۇلگە كەلگەن توختى ئەلەم ئاخۇنلۇقۇم دېگەن كىشى سۇلتان موللام (سۇلتان كۆمۈرچى)نى مازارتاغنىڭ شەيخى قىلىپ كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سۇلتان موللام تەۋەككۇلدە ئولتۇراقلىشىپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مازارتاغقا شەيخ بولغان. سۇلتان موللام سادىق ئاخۇن، نىياز ئاخۇن، پاسار ئاخۇن، قادىر ئاخۇندىن ئىبارەت تۆت ئوغۇل ۋە ئىككى قىز پەرزەنتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە سادىق ئاخۇن كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئوۋچىلىق ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈپ ئەلگە تونۇلغان. ئۇ تەۋەككۇلدىكى بىر نەچچە قېتىملىق توڭگۇز ئوۋلاشتا داڭق چىقىرىپ، كىشىلەر تەرىپىدىن «مەرگەن» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ ئەسلىدىكى «داراق» دېگەن جەمەت لەقىمى ئىستېمالدىن قېلىپ سادىق مەرگەن دەپ ئاتالغان. سادىق مەرگەن بولسا توختى مەرگەن، ئەخمەتتوختى مەرگەن، ئەخمەت مەرگەندىن ئىبارەت ئۈچ

ئوغۇل پەرزەنت، ئالتە قىز پەرزەنت كۆرگەن. دېمەك، ئەخمەت مەرگەن سادىق مەرگەننىڭ كىچىك ئوغلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەخمەت مەرگەننىڭ قاسىمئاخۇن (قاسىم مەرگەن)، سادىق مەرگەن (چوڭ دادىسىنىڭ ئىسمى قويۇلغان)دىن ئىبارەت ئىككى ئوغلى بولغان. توختى مەرگەننىڭ كېرەم مەرگەن، ئۇبۇل مەرگەن، سالامەتخاندىن ئىبارەت ئىككى ئوغۇل پەرزەنتى، بىر قىز پەرزەنتى بولغان ۋە 100 ياشتىن ئاشقاندا قازا تاپقان. بۇ تەزكىرىنى سۆزلەپ بەرگۈچى مۇتەللىپ مەرگەن دەل كېرەم مەرگەننىڭ ئوغلىدۇر. مۇتەللىپ مەرگەننىڭ بەش پەرزەنتى بولۇپ، ھازىر ئىككى ئوغلى، بىر قىزى بار. مۇتەللىپ كېرەمنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، مەرگەن جەمەتى ئەزالىرى تەۋەككۇل تەۋەسىگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قاسىم مەرگەن (ئەخمەت مەرگەننىڭ ئوغلى قاسىمئاخۇن) 1960 ـ يىلى 90 نەچچە يېشىدا، روزى مەرگەن 1958 ـ يىلى 85 يېشىدا، ئىمىن مەرگەن 1962 ـ يىلى 80 ياشتا قازا قىلغان.

## تەۋەككۇللۇق ئىشلەمچىلەر

بىز سېۋېن ھېدىن، ستەيىن قاتارلىق چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ تەۋەككۇللۇق ئىشلەمچىلەرنى ئىشقا سېلىپ خوتەن تەۋەسىدىكى بىر قىسىم قەدىمىي خارابىلىكلەرنى يازغانلىقىنى بىلىمىز. لېكىن ئۇلارنىڭ كىملىكى توغرىسىدا ھازىرغا قەدەر ئېنىق بىرەر يازما ماتېرىيال يوق. مەن مۇشۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە تەۋەككۇلدىكى ۋاقتىمدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم ۋە بۇ ھەقتە دەسلەپكى يىپ ئۇچىغا ئېرىشتىم. بىر قىسىم پېشقەدەم تۆگىچىلەر ۋە ئازادلىقتىن بۇرۇنقى دەۋردە ئۆتكەن ئىزچىلار ۋە گۆھەر ئىزدىگۈچىلەرنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ماڭا بۇ ھەقتە بىلىدىغانلىرىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.

مەتسىدىق تۆگىچى ئازادلىقتىن بۇرۇن كارۋانلارنىڭ تۆگىچىسى بولغان. 20 نەچچە ياش ۋاقتىدا ستەيىنگە ئەگىشىپ، دەندان ئۆيلۈك، راۋاق، ئاقسىپىل، قارادۆڭ قاتارلىق قەدىمىي شەھەرلەرگە بارغان ۋە بۇ شەھەرلەرنى قېزىشقا قاتناشقان. 1940 ـ يىللىرى ئەتراپىدا 80 ياش ئەتراپىدا قازا قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە سايىم، ئەيساكام، سالاكام، تۇرسۇن ئاخۇن، توقسۇنكام، ئىسلامئاخۇن قاتارلىق كىشىلەرمۇ مەتسىدىق تۆگىچى بىلەن بىللە يۇقىرىقى شەھەرلەرگە بارغان. بۇ ئىشلەمچىلەرگە ئەخمەت مەرگەن، قاسىمئاخۇن، توختىشاھلارنى قوشقاندا شۇ چاغدىكى تەۋەككۇللۇق ئىشلەمچىلەرنىڭ سانى ئون نەچچە نەپەرگە يېتىدۇ. ئەمما ئارىدىن بىر ئەسىردەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەچكە، تەۋەككۇللۇق ئىشلەمچىلەرنىڭ نامىنى مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ ئىگىلىيەلىگىنىمدىن كۆڭلۈم خېلى خۇشال تۇرىدۇ.

ئىزاھاتلار:

① «ھايات ـ ماماتلىق باياۋان»، سېۋېن ھېدىن (شۋېتسىيە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 111 ـ 112 ـ بەت.

② «ھايات ـ ماماتلىق باياۋان»، سېۋېن ھېدىن (شۋېتسىيە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 114 ـ بەت.

③ «ھايات ـ ماماتلىق باياۋان»، سېۋېن ھېدىن (شۋېتسىيە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 136 ـ بەت.

④ «ھايات ـ ماماتلىق باياۋان»، سېۋېن ھېدىن (شۋېتسىيە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 146 ـ بەت.

⑤ «ھايات ـ ماماتلىق باياۋان»، سېۋېن ھېدىن (شۋېتسىيە)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى، 179 ـ، 180 ـ بەت.

(ئاپتور: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە)

## بىلدۈرگۈ

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

نەشرىياتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2003 ـ يىللىق سانلىرىدىن 2014 ـ يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز، يەككە باھاسى 200 يۈەن.

ئالاقىلاشقۇچى: خۇرسەنئاي مەتىمىن Tel: (0991) 4554017



# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم ـ كېچەك مەدەنىيىتى

ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئۇيغۇر تىككۈچىلىرى كىيىم ـ كېچەكلەرنى تىكىش جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان سايمان ـ جابدۇقلارنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇلاردىن قايچا، گەز، سىزغۇ، يىپ ـ يىڭنە ۋە تىكىش ماشىنىسىنى كۆرستىشكە بولىدۇ.

قايچا ــ رەخت، قەغەز، قەلەي قاتارلىق نېپىز نەرسىلەرنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب بولۇپ، ئادەتتە ئىككى دانە تۇتقۇلۇق چىقىرىلغان پولات تىغنى بىر ـ بىرىگە ئالماشتۇرۇپ، كېسىشكەن ئورنىنى ياندۇرما مىخ بىلەن ھەرىكەتچان ھالەتتە مۇقىملاشتۇرۇش يولى بىلەن ياسىلىدۇ. تىككۈچىلىك ئىشلىرىدا كىيىم ـ كېچەكلەر رەختلىرىنى كېسىش ئۈچۈن دەستىسى قىسقا، بىسى ئۇزۇن ھالەتتىكى قايچا ئىشلىتىلىدۇ.

يىپ ــ پاختا، يىپەك، چىگە، يۇڭ ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تالالىرىدىن ئىنچىكە قىلىپ ئېگىرىلگەن تىكىش ۋە توقۇش ماتېرىيالى. تۇماق تىكىش ئۈچۈن ئاساسەن يىپەك ۋە پاختىدىن تەييارلانغان يىپ ئىشلىتىلىدۇ.

گەز ــ تىكىلىدىغان كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ رەختىنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىق، كەڭ ـ تارلىق ئۆلچىمىنى ۋە كىيىم كىيگۈچىنىڭ بوي ـ بەستى، قامىتىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. گەزنىڭ ئۇزۇن، ئارا ۋە قىسقا دېگەندەك تۈرلىرىدىن باشقا ئورامىلىق گەز ۋە تاناپ گەز دېگەن تۈرلىرىمۇ بولىدۇ.

سىزغۇ ــ تىكىلىدىغان كىيىملەرنىڭ رەختىنى تىكىلىدىغان كىيىم تەلپىگە لايىقلاشتۇرۇپ كېسىش جەريانىدا رەختىنىڭ كېسىلىدىغان ئورۇنلىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشلىتىلىدىغان تىككۈچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم بولۇپ، هاك تېشىنىڭ ئاق ۋە يۇمشاق تۇرىدىن ياسىلىدۇ. ئىلگىرى ئەجدادلىرىمىز تىككۈچىلىك ئىشلىرىدا دەريا سېغىزى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل توپىنىڭ قاتمىسىدىن پايدىلىنىپ، تىكىلىدىغان كىيىملەرنىڭ رەختىنى تىكىلىدىغان كىيىم تەلىپىگە لايىقلاشتۇرۇپ كېسىش جەريانىدا رەختنىڭ كېسىلىدىغان ئورۇنلىرىنى بەلگىلەش مەقسىتىگە يەتكەن.

يىڭنە — تۆمۈر قاتارلىق مېتاللاردىن بىر تەرىپى ئۇچلۇق ھەم ئۆتكۈر، يەنە بىر تەرىپى تومراق ھەم يىپ ئۆتكۈزۈش تۆشۈكى ئېچىلىپ ياسىلىدىغان تىكىش جابدۇقى بولۇپ، يىڭنىنىڭ تۈرى خېلى نۇرغۇن. تىككۈچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان يىڭنە چوڭ-كىچىك، توم-ئىنچىكە، ئۇزۇن-قىسقا بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

قول يىڭنىسى — قول بىلەن بولىدىغان تىكىش ئىشىدا ئىشلىتىلىدىغان يىڭنىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلار ئاساسەن يىڭنىدە قىلىنىدىغان ئىنچىكە ئىشلارنى زىرىپ، يىڭنە ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىنى زىرىپچى، يىڭنە ئىشى ياكى كەسپىنى زىرىپچىلىق دەپ ئاتىغان.

19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىن كېيىن دىيارىمىز سودا ئىشلىرىنىڭ جانلىنىشى، شۇنداقلا سىرتقى ئالاقىنىڭ شىددەت بىلەن ئەۋج ئېلىشى نەتىجىسىدە ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابىنىڭ مەھسۇلى بولغان ئەينەك سېلىش گازۋاي لامپا، پاتېفون، پىرىشكا، پوۋسكا، تىكىش ماشىنىسى قاتارلىق شۇ زامانلارغا نىسبەتەن ئىلغار تېخنىكا ۋە زامانىۋى سايمان-جابدۇقلارنىڭ دىيارىمىزغا كىرىشى تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ئىگىلىكىمىزدە قىسمەن ئۆزگىرىشلەرنى ياساپ، يېڭى كەسىپ ۋە يېڭى كەسىپ ئاتالغۇلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. جۈملىدىن تىكىش ماشىنىسىنىڭ كىرىشى، خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى زىرىپچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن داغدام يول ئېچىپ، كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىمىزگە تىكىمچى، كېسىمچى، سىمكىر، كېكەتكە، ۋىتىشكا، زاپۇنكا، بانتىك، نافتالىن، چورنىك دېگەنگە ئوخشاش ئۆزگىچە خاس ئاتالغۇلارنى تەقدىم ئەتتى.

تىكىش ماشىنىسى — چورنىك، تەپكە، تاقا، ئورچۇق، موكا، موكا چىغى، ناچى، كىرتىك، چوڭ-كىچىك چاق، ئۇزۇتۇش تاسمىسى، يىڭنە قاتارلىق دېتاللاردىن تەركىب تاپىدىغان تىكىش قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، تىكىش ماشىنىسىنىڭ قول ماشىنىسى ۋە پۇت ماشىنىسى دېگەن ئىككى تۈرى بولىدۇ. تۆۋەندە پۇت ماشىنىسىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

چورنىك — كىيىم تىكىش ماشىنىسى تاقىسىنىڭ ئىچىگە ئورنىتىلىپ، يىپنى ئېلىپ بېرىدىغان يېرىم ئاي شەكىللىك سايماندىن ئىبارەت.

تەپكە — تىكىش ماشىنىسىنىڭ پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان قىسمىدىن ئىبارەت.

تاقا — كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئورچۇق، كىرتىك ۋە موكىلىرىنى قاچىلاش قازىنىدىن ئىبارەت.

ئورچۇق — تىكىش ماشىنىسىنىڭ مۇھىم دېتالى بولۇپ، ئۇ غالتەكتىن چىققان يىپنى ناچىغا يەتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدىغان قۇرۇلمىدىن ئىبارەت.

موكا — كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئاستىنقى يىپنى ئۈستىگە چىقىرىپ بېرىش رولىنى ئوينايدىغان كىچىك غالتەكچە.

موكا چىغى — موكا ئىچىدىكى ناچىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئىنچىكە ئوقنى كۆرسىتىدۇ.

ناچى — تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئاستىنقى يىپنى ئورايدىغان كىچىك غالتىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاسما — تىكىش ماشىنىسىنىڭ بىر ئۇچىنى مېڭگە يەنە بىر ئۇچىنى چوكىغا تۇتاشتۇرۇپ، ئىككىسىنىڭ ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر خىل سايمىنىدىن ئىبارەت.

كىرتىك — كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ مەركىزىي ئوقىغا بېكىتىلگەن، رەختنى ئىتتىرىپ بېرىدىغان يېرىم ئايلانما چىشلىق سايمىنىدىن ئىبارەت.

چوڭ چاق — تەپكە ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋە تەپكە ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان چاقنى كۆرسىتىدۇ.

چوكچوك — كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىپنى يەتكۈزۈپ بېرىدىغان پەسكە چۈشۈپ، ئۈستۈن چىقىپ تۇرىدىغان چوكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

كىچىك چاق — چوڭ چاقنىڭ ھەرىكەتلىنىشى بىلەن ئۇزۇتۇش تاسمىسىنىڭ ياردىمىدە ھەرىكەتلىنىپ، تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئومۇمىي ھەرىكىتىنى كونترول قىلىدىغان چاقنى كۆرسىتىدۇ.

تاپان باسقۇچ — تىكىش ماشىنىسىنىڭ تاپان چوكىسىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلىدىغان ۋە تاپان چوكىسى بېسىپ تۇرىدىغان سايمىنىدىن ئىبارەت.

تاپان چوكا — كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تىكىلىدىغان

رەختنى بېسىپ تۇرىدىغان چوكىسىنى كۆرسىتىدۇ.

چويلا ئوق — بىر ئۇچى كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ كاتەكچىسىگە، يەنە بىر ئۇچى چويلىغا تۇتاشقان، يېرىم چۆرۈلىدىغان ئوقتىن ئىبارەت.

تاپان كۆتىكى — كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تاپىنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پەسكە چۈشۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان ئەگرى قۇرۇلمىدىن ئىبارەت.

ئۇزۇتۇش تاسمىسى — چوڭ چاقنىڭ ھەرىكىتىنى كىچىك چاققا يەتكۈزۈش ئارقىلىق تىكىش ماشىنىسىنىڭ تىكىش ئىشىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان ھالقىسىمان تاسمىدىن ئىبارەت.

تەگشەك — تىكىش ماشىنىسىدا يىپنىڭ چىڭ-بوشلۇقىنى تەگشەپ تۇرۇش رولىغا ئىگە قۇرۇلمىدىن ئىبارەت.

يىڭنە — تىكىش ماشىنىسىنىڭ يىڭنىسىنىڭ باش تەرىپى تۆت چاسا، ئۇچ تەرىپى ئۇچلۇق ۋە ئۇچ تەرىپىدىن يىپ ئۆتكۈزۈش تۆشۈكى ئېچىلغان ھالەتتە تەييارلىنىدۇ.

موكا قانتى — كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ موكىسى ئۈستىدىكى يىپ قىسىش سايمىنىدىن ئىبارەت.

كاتەكچە — كىيىم تىكىش ماشىنىسىدىكى چويلىنى ماگدۇرۇپ بېرىدىغان ئارا شەكىللىك سايماندىن ئىبارەت.

كۆز تاختا — كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تەخسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تۆپىدىن يىڭنە چۈشىدىغان، تېگىدىن چىش چىقىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، ياي شەكىللىك كىچىك تۆمۈر تاختىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا كىيىم-كېچەك تىكىشنىڭ رەخت تاللاش، پىچىم، تىكىش، شىرىق، چېتىش، پەتلە-ئىزمە ئېچىش ۋە بېكىتىش، تۈگمە قاداش، پۈتكەن كىيىمنى پەردازلاش دېگەندەك جەريان ۋە قەدەم-باسقۇچلىرىمۇ بولىدۇ.

رەخت تاللاش — ئۇيغۇرلار كىيىم-كېچەك تىكتۈرۈشتىن ئاۋۋال رەخت تاللاشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. يەنى قايسى رەختلەرنىڭ قانداق كىيىملەرگە ماس كېلىدىغانلىقىنى، قايسى پاسوندا تىكتۈرسە يارىشىملىق بولىدىغانلىقىنى بېكىتىپ، ئاندىن تىكتۈرۈشنى بۇيرۇيدۇ.

پىچىم — تىكىلىدىغان كىيىم-كېچەك رەختىنىڭ كىيىم-كېچەككە ئۆلچەپ كېسىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. تىكىلىدىغان كىيىم-كېچەك رەختىنىڭ كىيىم-كېچەككە ئۆلچەپ كېسىش ئىشىنى قىلغۇچى كىشى پىچىمچى، تىكىلىدىغان كىيىم-كېچەك رەختىنىڭ كىيىم-كېچەككە ئۆلچەپ كېسىش كەسپى پىچىمچىلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

تىكىش — تىكىلىدىغان كىيىم-كېچەك پىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىيىم ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ تىكىش ئۇسۇللىرى تەرىپىدىن قول ياكى تىكىش ماشىنىلىرىدا چېتىپ تىكىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. تىكىلىدىغان كىيىم-كېچەك پىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىيىم ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ تىكىش ئۇسۇللىرى تىكىمچى، تىكىلىدىغان كىيىم-كېچەك پىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىيىم ھەرقايسى بۆلەكلىرىنىڭ تىكىش ئىشى ياكى كەسپى تىكىمچىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. تىكىشنىڭ تەپچىك، يۆمەك، كۆك، شىرىق، تەپچىش چېتىش ۋە چۆۋۈق سېلىش دېگەندەك ئوخشاش تۈرلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى تۆۋەندىكىچە:

تەپچىك — يىڭنە بىلەن قولدا تىكىلىدىغان بىر خىل تىكىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

يۆمەك — يىرتىلغان كىيىم ياكى پىچىلغان رەختلەرنىڭ چاكلىرىنى تۆنەپ تىكىدىغان بىر خىل ئۇسۇلدىن ئىبارەت.

كۆك — يوغان ئاتلاپ تىكىلگەن تىكىش تۈرىنى كۆرسىتىدۇ.

شىرىق — تىكىلىدىغان پاختىلىق چاپان ۋە ئىشتان، كەنجەر، جۇۋازىلارنىڭ ئىچىگە سېلىنغان يۇڭ ياكى پاختىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قول ياكى تىكىش ماشىنىسى بىلەن تىكىلگەن تىكىشنى كۆرسىتىدۇ.

تەپچىش — تىكىمچىلەرنى زىچ ۋە بىر-بىرىگە ئۇلاپ تىكىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

چېتىش — تىكىلىدىغان كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ ئۇلاش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

چۆۋۈق سېلىش — كىيىمنىڭ كەڭلىكى ئۆلچەمگە توشمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇلاق سېلىپ تولدۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئۇيغۇر زىرىپچىلىرى كىيىم-كېچەكلەر تىكىلىپ پۈتكەندىن كېيىن ئىزمە بېكىتىش، پەتلە ئېچىش، تۈگمە قاداش مەشغۇلاتلىرىنىمۇ بەكمۇ ئەستايىدىل ئىشلەشنى ئۆزىنىڭ كەسپىي ئادىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىگە ئايلاندۇرغاندىن سىرت، پۈتكەن كىيىملەرنىڭ پەردازلىنىشى ۋە ئاسرىلىشى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرىدۇ. ئۇلار پۈتكەن كىيىملەرنى پەردازلاش ۋە ئاسراش ئۈچۈن دەزمال، نافتالىن

كىيىم ياپقۇچ، سەجۋۋا قاتارلىق قوشۇمچە جابدۇقلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تىككەن كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ سۈپەتلىك ۋە يارىشىملىق بولۇشى ئۈچۈن ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىدۇ.

ئىزمە بېكىتىش — تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئىزمە بېكىتىلىدىغانلىرىغا توپچا قاداش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئورۇنلىرىغا ئۈزۈنچاق لاتىپۇرۇچلاردىن ئىزمە بېكىتىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

پەتلە ئېچىش — تىكىلگەن كىيىم-كېچەكلەرنىڭ تۈگمە قادىلىدىغانلىرىغا تۈگمە قاداش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئورۇنلىرىدىن تۆشۈك ئېچىش ۋە ئېچىلغان ئورۇنىنى قول ئارقىلىق يىپ-يىڭنە بىلەن تورلاش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

تۈگمە قاداش — تىكىلىپ پۈتكەن كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ئېچىلغان پەتلە ۋە بېكىتىلگەن ئىزمە ئورۇنلىرىنى چىقىش قىلىپ تۈگمە ياكى توپچە قاداش ۋە ئورنىتىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ.

پۈتكەن كىيىمنى پەردازلاش — تىكىلىپ پۈتكەن كىيىم-كېچەكلەرنىڭ تىكىش جەريانىدا پۈرلەشكەن جايلىرىنى تۈزەش، ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى تارتىشتۇرۇپ تۈزلەپ دەزماللاش قاتارلىق جەريانلارنى كۆرسىتىدۇ.

دەزمال — ئىچىگە چوغ سېلىپ قىزىتىلىدىغان تۇتقۇچلۇق، كىيىم-كېچەك ۋە رەختلەرنىڭ پۈرلەشكەن جايلىرىنى سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تىككۈچىلىك سايمىنى. ئەجدادلىرىمىز تۇچ، چويۇن ۋە تۆمۈردىن پايدىلىنىشنى بىلگەن شۇ قەدىم زامانلاردىن باشلاپ، دەزمالدىن پايدىلىنىشنى بىلگەن ۋە كىيىم-كېچەكلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، دەزماللاپ ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىككە ۋە يۈرۈش-تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللەت ئىكەنلىكىنى جاھان ئەھلىگە نامايان قىلىپ كەلگەن. بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، تۇنجى تۈركولوگ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ شاھانە ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «دەزمال، ئەندۈۋا شەكلىدە بولىدىغان بىر پارچە تۆمۈر، كىيىمنىڭ چاكلىرىنى تۈزلەش ئۈچۈن ئۇنى قىزىتىپ باسىدۇ» دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن.

نافتالىن — ئورگانىك بىرىكمە، رەڭسىز كىرىستال بولۇپ، ئالاھىدە پۇرىقى بولىدۇ. كۆمۈر سىمولىسىدىن چەككىلەپ ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بوياق، سىمولا، پۇراقلىق ماتېرىيال ۋە تېببىي دورا ياسىلىدۇ.

نافتالىن كۇملىچى — نافتالىندىن ياسالغان كۇملاچ، ئاق ۋە ئالاھىدە پۇراقلىق كېلىدۇ. كىيىم-كېچەكلەر ئارىسىغا سېلىپ قويغاندا كىيىمگە كۈيە چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، ئادەتتە ئۇ كۈيە دورىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كىيىم ياپقۇچ — كىيىم-كېچەكلەرنى چاڭ-توپا ۋە مەينەتچىلىكتىن ساقلاش ئۈچۈن تۇتاملىقراق رەختلەردىن كەشتىلىك گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلۈپ تەييارلىنىدىغان، كىيىم-كېچەكلەرگە يېپىپ قويۇلىدىغان ياپقۇچتىن ئىبارەت. ياپقۇچنىڭ كارىۋات ياپقۇچ، ئورۇن ياپقۇچ، ياستۇق ياپقۇچ، خېمىر ياپقۇچ، موتور ياپقۇچ دېگەندەك تۈرلىرى بار.

سەجۋۋا — يەنە بىر ئاتىلىشى كىيىم ئاسقۇچ بولۇپ، كىيىم-كېچەكلەرنى ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياغاچتىن ئىلغۇلىرى قىتىلىپ، مۇئەييەن ئۆلچەمدە پۇت بېكىتىلىپ ياسىلىدىغان ئاسقۇچتىن ئىبارەت. سەجۋۋا ئىككى خىل بولۇپ، بىرى، چىرايلىق ۋە تۈز ئۆسكەن بوغۇمىدىن پۇتاق چىقىرىپ كۆپ شاخلىغان دەرەخ پۇتىقىنى كېسىۋېلىپ، قوۋزاقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، سىلىقلاپ، چىرايلىق ئىشلەپ كىيىم ئاسقۇچ قىلغان. يەنە ئوتتۇرىدىن چىققان شاخنى ئۇزۇنراق، ئەتراپىدىن چىققانلىرىنى سەل قىسقىراق قىلىپ تەييارلاپ، ئۇنى ئۆينىڭ جەگە ياغىچىغا ئورنىتىپ قويسا ناھايىتى چىرايلىق كىيىم ئاسقۇچ بولغان. يەنە بىر بولسا، دىيامېتىرى بەش-ئون سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 1.5-2 مېتىر كېلىدىغان باغرا ياغاچنىڭ ئىككى بېشىغا بوغماق شەكلىدە يول تارتىلىپ، ئىككى بېشى تېشىلىپ ۋە شوينا بىلەن باغلىنىپ، ئۆينىڭ قىبلە تەرىپىدىكى تامغا يېقىن جەگگە ئېسىپ قويۇلىدۇ. ھازىرقى كىيىم ئاسقۇچلار دەل سەجۋانىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى بولۇپ، سەجۋانىڭ ئىشلىتىلىشى ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك، پاكىزلىق ئېڭىنىڭ نامايەندىسى. كىيىم-كېچەكلەرنى سەجۋاغا ئېسىپ ساقلىغاندا پاكىز ۋە رەڭلىك ساقلىغىلى بولىدۇ، ئۇيغۇرلار ناھايىتى بۇرۇنلا سەجۋانىڭ رولىدىن ياخشى پايدىلىنىشنى بىلگەن بولۇپ، ھازىرمۇ بىر قىسىم يېزا-كەنتلەردە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈر دەپ قارايمىزكى، ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئىچكى-تاشقى گۈزەللىككە ئەھمىيەت بېرىشتە «گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر» دېگەن ھېكمەتكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ

كۆركەم، چىرايلىق ۋە يارىشىملىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ قېلىپلاشتۇرۇش بىلەن بىللە، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەرخىل بېزەكلىرىنىمۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، كىيىم-كېچەكلەرنىڭ سۈلكىتىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىگە يەتكەن. كىيىم-كېچەكلەرنىڭ بېزەكلىرىنى ئاساسىي بېزەكلەر ۋە قوشۇمچە بېزەكلەر دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئاساسلىق بېزەكلەرگە زىغزىق، مېغىز، بانتىك، چىلتەك، ئۇقا، بۆجەش، قاش، لەپلىمە، ئوشۇقچە، ئىدرەم، ئوتئوغات، گۈل كەشتە تامغىسى، كۆنچەك ۋە جىيەك قاتارلىقلارنى، قوشۇمچە بېزەكلەرگە تۈگمە، زاپۇنكا، پاسپاس، خەمەك توپچە ۋە قاتۇرما قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

زىغزىق — جۇۋا، كۆرپە دىۋان قېپى ۋە ئۆتۈك قونچى قاتارلىقلارنىڭ تىكىش ئارىلىقىغا ئېلىنىدىغان زەيدىن ئىبارەت.

مېغىز — كۆرپىنىڭ تۆت تەرىپىگە قول بىلەن تۇتۇلغان قارا رەختتىن ئىبارەت.

بانتىك — كۆڭلەك ياقىسى ياكى ئاياللارنىڭ چېچىغا تاقايدىغان كېپىنەك شەكلىدىكى لېنتا ۋە شۇ خىلدا چىگىلگەن بوغقۇچتىن ئىبارەت.

چىلتەك — رەڭلىك رەخت ياكى ھەر خىل رەڭدىكى يىپلاردىن قىلىنىدىغان زىننەت بۇيۇمدىن ئىبارەت.

ئۇقا — بېزەك ئۈچۈن كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ۋە گەزلىمە بۇيۇملارنىڭ چېتىگە تۇتۇلغان جىيەكنى كۆرسىتىدۇ.

بۆجەش — كىيىم ۋە باشقا رەختتىن تەييارلىنىدىغان لازىمەتلىكلەرنىڭ ھەممە يېرىگە يىڭنە بىلەن گۈلگە ئوخشاش بەلگىلەرنى تىكىپ بېزەش ئىشىنى كۆرسىتىدۇ. «گۈل بۆجىدىم يۇرەككە، تىل تورغىيىم سۆزلۈگىدىن. ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى، كۆرمىدىڭمۇ كۆزلۈمدىن» دېگەن قوشاق بار.

قاش — خۇرۇم ئاياغلارنىڭ پاشنىسى ياكى چەمىنىڭ ئۈپراپ كەتكەن يېرىگە قويۇپ مىخلاش ئۈچۈن تەييارلانغان كۆن، خۇرۇم قاتارلىقلاردىن كېسىلگەن كىچىك پۇرۇچتىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «يارىم توپلەي كىيىپتۇ، پاشنىسىغا قاش قويۇپ، قاچانلىققا ياتارمىز، بىر تەكىيگە باش قويۇپ» دېگەن قوشاق بار.

لەپلىمە — تۇماقنىڭ جىيەكلىرىگە تۇتۇلغان تار بىر قەۋەت رەختنى كۆرسىتىدۇ.

ھوشۇقچە — دوپپا شاپىقىغا پاراللېل ھەم قايچىلاش قىلىپ تىكىلگەن ئۇزۇن سىزىقچىلار ئارىسىغا بالداق شەكىللىك تىكىلگەن گۈلنى كۆرسىتىدۇ.

ئىدرەم — كۆڭلەكلەرنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلغان گۈلسىمان سىزىقچىلارنى كۆرسىتىدۇ.

ئوتئوغات — دوپپىنىڭ ئالدىغا تاقىلىدىغان زەر پۆپۈكتىن ئىبارەت.

گۈل نۇسخا تامغىسى — تۈرلۈك دوپپىلارغا گۈل ۋە نەقىش چىقىرىش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان ئەندىزىدىن ئىبارەت.

كۆنچەك — خالتا كۆڭلەك ياقىسىنىڭ پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ.

كەشتە — رەختنىڭ يۈزىگە يىڭنە بىلەن تىكىپ چۈشۈرۈلگەن گۈل، تۈرلۈك كۆرۈنۈشتىكى رەسىم ۋە ھەر خىل ئوبرازلىق سىزىقچە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.

جىيەك — دوپپا، تۇماق ۋە كىيىملەرنىڭ گىرۋىكىگە تۇتۇلىدىغان مەخسۇس لېنتا. يەنى دوپپا، تۇماق ۋە كىيىم قاتارلىقلارنىڭ چۆرىسىگە رەخت، كۆرپە قاتارلىقلاردىن تۇتۇلغان گىرۋەكنى كۆرسىتىدۇ، بەزى يەرلەردە گېزەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئاقىي جىيەك — رەڭدار يىپ ۋە يىپەكلەردە كىرىشتۈرۈلۈپ، گۈللۈك قىلىپ تىكىلگەن جىيەكنى كۆرسىتىدۇ.

ئىنجا — كىيىمنى بەدەن قۇرۇلمىسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە زىننەت كىرگۈزۈش ئۈچۈن، كىيىمنىڭ ھەر بىر مۇناسىپ ئورۇنلىرىغا ئېلىنىدىغان ھەر خىل كېسىلمە ۋە قاتلىما بۆلەكلىرىدىن ئىبارەت.

چەكمە — دوپپا تۆپىلىكىنىڭ ئومۇمىي يۈزىگە ئىنچىكە يىپ بىلەن چېكىپ تىكىلگەن گۈلنى كۆرسىتىدۇ.

تۈگمە — كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ياقا، پەش ۋە ياندۇقلىرىنى ئېتىش ئۈچۈن قادىلىدىغان، كۆپىنچە يۇمىلاق ھالەتتە ياسىلىدىغان ئاياللارنىڭ ئەمچەك توپچىسى شەكىللىك بۇيۇمدىن ئىبارەت. ئۇيغۇرلاردا «بېغىڭغا كىرىپ باقسام، ئالما تۈگمەدەك بوپتۇ. كىچىككىنە سارىخان، ئېلىپ قاچقۇدەك بوپتۇ»، «چاپىنىمنىڭ تۈگمىسى ئۈزۈلۈپ قاپتۇ. خۇمار كۆزنىڭ چىرايى تۈرۈلۈپ قاپتۇ»، «بېلىڭىزنى ئەتمەيسىز، تۈگمىڭىزنى ئەتمەيسىز. بېشىمىزغا مۇڭ چۈشتى، دەردىمىزگە يەتمەيسىز»، «ئىزملاپ كىيىمگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تۆگمە قادىدىڭ، كۆزلىرىڭنى كۆزلىرىمگە قادىدىڭ. دىلرەبا، مېھرىڭنى مىنسەم ئات قىلىپ، بىر ئىشقىنى يۈرىكىمگە قادىدىڭ»، «ئالتە - يەتتە كەپتەرلىرىڭ قوندى تېرەككە. تاۋار توندا ئالتۇن تۆگمە، پاتتى يۈرەككە» دېگەندەك قوشاق ۋە شېئىرىي مىسرالار كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ.

زاپۇنكا — ئەر-ئاياللارنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسى ۋە يېڭىگە تاقىلىدىغان مەخسۇس تۆگمىدىن ئىبارەت.

پاسپاس — كىيىم-كېچەكلەرگە تۆگمە ئورنىدا ئورنىتىلىدىغان پىستاندىن ئىبارەت بولۇپ، پىسىلداق دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

خەمەك توپچە — ئالتۇن-كۈمۈشتىن كۆز قويۇپ ئىشلەنگەن، شەكلى خەمەككە ئوخشايدىغان توپچىدىن ئىبارەت، يەنى چاپاننىڭ بىر خىل تۆگمىسىنى كۆرسىتىدۇ.

قاتۇرما — كىيىمنىڭ سۈپەتلىك ۋە كۆركەم كۆرۈنۈشى ئۈچۈن ئىككى مۈرە قىسمىغا قويۇلىدىغان ھەمدە پاختا سارۇچكا قاتارلىقلاردىن ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە تەييارلىنىدىغان قوشۇمچە ماتېرىيالدىن ئىبارەت.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىنى تۆۋەندىكى خاس ناملار بىلەن ئاتاش بىر قەدەر مۇكەممەل ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ خىل ئۆزگىچىلىك نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ روشەن خاسلىقىنى نامايان قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

يان چاك — چاپاننىڭ ئالدى بويى بىلەن ئارقا بويىنى ئۇلايدىغان تىكىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۆگەر — چاپانلارنىڭ ئىچ-تاش پەشلىرى ئومۇملاشتۇرۇپ ئۆگەر دەپ ئاتىلىدۇ.

پۆرمە — كىيىم-كېچەكلەرنىڭ پاسون تەرتىپى بويىچە كىيىملەرنىڭ مۇناسىپ ئورۇنلىرىنىڭ پۆرۈم ھالەتتە تىكىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بەل پۆرمە، يەڭ پۆرمە، ئېتەك پۆرمە، پۆرمە يوپكا ۋە پۆرمە كۆڭلەك دېگەندەك.

پەرۋاز — كۆڭلەك، پەرىجە، پەشمەت، يەكتەك، تون، كەمزۇل قاتارلىقلار كىيىم-كېچەكلەرنىڭ پەش ۋە ئېتەك قىسمىدىكى پۈكۈلگەن ئورنى يەنى قىرغىقىدىن ئىبارەت.

قاساق — كىيىم-كېچەكلەرنىڭ قاتلاپ قاساپ تىكىلگەن يېرىنى كۆرسىتىدۇ.

ۋىتىشكا — ئاياللارنىڭ كۆڭلەك ۋە كوپتا-يوپكا قاتارلىق بەدەن ئۈستى كىيىملىرىنىڭ بەل، كۆكرەك ۋە قورساق، قولتۇق قىسىملىرىدىن بەش-ئون سانتىمېتىر يېرىنىڭ ئىچىگە پۈكۈلۈپ تىكىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

كىكەتكە — ئەرەنچە كۆينەك ياكى چاپانلارنىڭ ئارقا تارغاق قىسمىدىكى كەسمە بۆلەكنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجا — كىيىملەرنىڭ بەل قىسمىنى ئىنچىكىرەك چىقىرىش ئۈچۈن رەختنىڭ ئازراق يېرىنى قاتلاپ ئۈستىدىن تىكىلگەن تىكىشنى كۆرسىتىدۇ.

رىلىپ — ئومۇمەن بەدەن ئۈستى كىيىملىرىنىڭ يەڭ چېكىنىڭ قولتۇق قىسمىدىن باشلىنىپ ياي شەكلىدە تارتىلىپ تىكىلىدىغان بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئېتەك — كۆينەك، پەرىجە، پەشمەت، يەكتەك، تون، كەمزۇل ۋە جۇۋا قاتارلىقلارنىڭ ئاستىنقى كەڭ تەرىپىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلاردا «ياۋ ياقىدىن ئالسا، ئىت ئېتەكتىن ئالار» دېگەن ماقال بار.

دولا-بەدەننىڭ ئۈستىگە كېيىلىدىغان كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ياقىغا تۇتاش ئىككى ياندىكى قىسمىدىن ئىبارەت.

لېپەز — ئىشتاننىڭ ئىشتانباغ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قايتۇرۇپ تىكىلگەن جايىنى كۆرسىتىدۇ.

بەللەك — شىم يەنى ئىشتاننىڭ ئۈستى قىسمى يەنە بەلباغ بېكىتىلىدىغان جايىنى كۆرسىتىدۇ.

ئاغ — يەنە بىر ئاتىلىشى كاراك بولۇپ، ئىشتاننىڭ ئىككى پاچاق سېپىلىدىغان كانايسىمان بۆلىكىنىڭ چېتىلغان ئورنىنى كۆرسىتىدۇ.

تىز — ئىشتان ۋە شىم قاتارلىقلارنىڭ تىزنى قاپلاپ تۇرىدىغان بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

پۇچقاق — ئىشتاننىڭ تىزدىن تۆۋەن تۇرىدىغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ئىچىدە، مەزكۇر كىيىم-كېچەكلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك زىچ بولغان لازىمەتلىكلەرمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۇلاردىن ئەستەر، يانچۇق، ئىشتانباغ، پوتا، تۆگمە، دەزمال، كىيىم ياپقۇچ ۋە كىيىم ئاسقۇچ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

مانجىت — كۆڭلەك قاتارلىق بەزى كىيىملەرنىڭ يەڭ ئۇچىنى ھەم ئېتىش ئۈچۈن مەخسۇس بېكىتىلگەن پەۋزى يەنى يەڭنى بوغما ئېغىزىدىن ئىبارەت.

پۆرمە — كىيىم-كېچەكلەرنىڭ پاسون تەرتىپى بويىچە كىيىملەرنىڭ مۇناسىپ ئورۇنلىرىنىڭ پۆرۈم ھالەتتە تىكىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

قاساق — كىيىم-كېچەكلەرنىڭ قاتلاپ قاساپ تىكىلگەن يېرىنى كۆرسىتىدۇ.

ۋىتىشكا — ئاياللارنىڭ كۆڭلەك ۋە كوپتا-يوپكا قاتارلىق بەدەن ئۈستى كىيىملىرىنىڭ بەل، كۆكرەك ۋە قورساق، قولتۇق قىسىملىرىدىن بەش-ئون سانتىمېتىر يېرىنىڭ ئىچىگە پۈكۈلۈپ تىكىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجا — كىيىملەرنىڭ بەل قىسمىنى ئىنچىكىرەك چىقىرىش ئۈچۈن رەختنىڭ ئازراق يېرىنى قاتلاپ ئۈستىدىن تىكىلگەن تىكىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا كىيىم-كېچەكلەرنى خالىغان يەرگە تاشلاش بىر خىل يامان ئادەت دەپ قارىلىدۇ. ھەر قانداق كىيىمنىڭ تۇرىدىغان ئورنى بولۇپ، شۇ جايغا قويۇش قېلىپلاشقان. بەدەن ئاستى كىيىملىرى بىلەن بەدەن ئۈستى كىيىملىرى ھەرگىز ئارىلاش ھالەتتە تاشلانمايدۇ، كىيىم-كېچەكلەرگە دەسسەش ۋە ئۇلاردىن ئاتلاش چەكلىنىدۇ. ئاتا-ئانىنىڭ كىيىملىرىنى باللىرى كىيمەيدۇ. ياشانغان كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنى قىممەتلىك تەۋەررۈك سۈپىتىدە ساقلاش ۋە يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ قىرقى ئىچىدە كىيىم تىكىپ كىيگۈزۈش ئومۇملاشقان. كىرلەشكەن كىيىم-كېچەكلەرنى يۇيۇشتا ئاۋۋال بەدەن ئۈستى كىيىملىرىنى، ئاندىن بەدەن ئاستى كىيىملىرىنى يۇيۇش ئومۇمىي ئادەتكە ئايلانغان. ئۇيغۇر ئەرلىرى ياكى ئاياللىرى تامامەن ئوخشايدىغان باش كىيىملەرنى ئۈستى-ئۈستىگە ھەرگىز كىيمەيدۇ ياكى چەكمەيدۇ. باش كىيىم چوقۇم باش تەرەپكە قويۇلىدۇ. باش كىيىمنى دەسسەش، ئۈستىدە ئولتۇرۇش، ياستۇق-تەكيەلەرنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇش، كۆيدۈرۈش، سۇ ۋە ئەخلەتخانىلارغا تاشلاش ۋە تۆكۈرۈش يامان بولىدىغان ئىشلار قاتارىدا قەتئىي چەكلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا يەنە «بېشىڭغا قاراپ تۇماق، ھالىڭغا بېقىپ دىماق»، «يېڭى تۇماقنىڭ يىرتىقى يوق، ھالال ئىشنىڭ پۈتىقى يوق»، «قورقۇنچاقنىڭ تۇمىقى بولغۇچە، باتۇرنىڭ چۇمىقى بول»، «يامانىنىڭ تۇمىقى يېنىدا»، «قارا قوينىڭ تېرىسىنى، تۇماقچى بالىلار ئاشلايدۇ. سەھرالىقنى بوش كۆرمەڭ، شاما قىلىپ تاشلايدۇ»، «پوقاققا ياقا ياراشماس»، «پوسما يوغان باش كىچىك، ئوسما يوغان قاش كىچىك»، «موماينىڭ كۆزى ئوسمىدا، گادايىنىڭ كۆزى پوسمىدا»، «پۈتنى قىستىغان ئاياغ، قاپقى يامان خوتۇنغا ئوخشاش»، «پۈتۈڭدا تار ئۆتۈك بولسا، كەڭ جاھاندىن نېمە پايدا»، «پۈتنى قاپارتقان ئۆتۈكتىن، يالاڭ ئاياغ ماڭغان ياخشى»، «تار كىيىم تارتىشىپ يىرتىلار، كەڭ كىيىم كېڭىشىپ يىرتىلار»، «تاز باشقا زەرباب دوپپا، بۆز چاپانغا كىمخاب ياقا»، «تاز تۇمىقىنى چۆكۈرۈپ كىيەر»، «تازغا تالپەك، چۆگۈنگە چەپچەك»، «تازنىڭ بېشى تارىشا، تۆلكە تۇماق يارىشا»، «تازنىڭ تاپقىنى تېرە بۆك»، «توخۇغا بېقىپ كاتەك سال، پۇتۇڭغا بېقىپ ئۆتۈك ئال»، «تومۇزدا تەلپەك، چىللىدە بۆك»، «تۇماق — چوڭ كەلسە بېشىڭ مۇزلار»، «دوپپىسىنى ئەكەل دېسە، بېشىنى ئەكەپتۇ»، «دوپپىغا پاتقان بېشىم، جاھانغا پاتماپتۇ»، «كونا چاپان يېڭى غوجايىنغا ياراشماس»، «ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدە ئادەم بار»، «كونا چاپان ئىت قاۋىسىمۇ يىرتىلار»، «قىلنى پىل كۆرسىتىپتۇ، ئەسكى تۇماقنى شىر كۆرسىتىپتۇ»، «قاتتىق زاغرا قېتىققا ياخشى، ئەسكى ئۆتۈك پېتىققا ياخشى»، «ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى، يامان تۇغقان ئۆلگەندە ياخشى»، «شەھەرنىڭ دوپپىسى سەھرادا تاج بوپتۇ»، «ئاتاڭ گاداي بۆكى ياماق، ساڭا نېمە يوغان دىماق». «يېرىم باينىڭ ياتقۇسى كەلمەس، كىيىمى يوقنىڭ قوپقۇسى كەلمەس»، «بېشى بارنىڭ بۆكى بار» دېگەندەك قوشاق ۋە ماقال-تەمسىللەر كۆپ ئۇچرايدۇ.

مەن بۇ ئادىي يازمامدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ ماتېرىيال ئەشيالىرى، كىيىم-كېچەك تۈرى ۋە بۇ كىيىم-كېچەكلەرنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى ھەم بۇ بۆلەكلەرنىڭ خاس ناملىرى، كىيىم-كېچەك تىكىش ئۇسۇللىرى، كىيىم-كېچەك تىكىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سايمان-جابدۇقلارنىڭ قۇرۇلمىلىرى، ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى، شۇنداقلا خەلقىمىزنىڭ كىيىم-كېچەكلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش جەريانىدا ھەرقايسى كىيىم-كېچەكلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئىلمىي قاراشلىرى، كىيىم-كېچەكلەرگە سىڭگەن مەدەنىي ھاياتنىڭ يارقىن جۇلالىرىنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە شەرھلەپ كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم.

(ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە بازىرى مويۇنگۈزەر مەكتەپتە)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گۈلقىز



قەدىمكى زاماندا، شاخىدا دېگەن ئەلنىڭ يىراق غەربىدە ئورمانلىقتا ياشايدىغان دانىشمەن بىر ئادەم بولغانىكەن. بۇ ئادەمنىڭ ئۈچ ئوغلى بار بولۇپ، ئۇلار ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. دادىسى ھەر خىل مىجەزلىك بۇ ئوغۇللىرىغا:

— چوڭ بولدۇڭلار، ئاقىل بولۇپ، توغرا يولدا مېڭىڭلار، ئىناق بولۇڭلار، نېمە تاپساڭلار تەڭ يەڭلەر، تەڭ كىيىڭلار، ھەرگىز بىر-بىرىڭلاردىن ئايرىلماڭلار! — دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن. ئەڭ كىچىك ئوغلى دادىسىغا بەكرەك كۆيۈنىدىكەن. بىر كۈنى بۇ ئادەم بالىلىرىنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغۇللىرىم، سىلەر بىلىسىلەر، مەندە بايلىق يوق، پۈتۈن ئۆمرۈمدە ھالال مېھنەت بىلەن جاپالىق ياشىدىم، ئەمدى قېرىپ قالدىم، ئۆمرۈممۇ ئاز قالغاندەك تۇرىدۇ. مۇشۇنچىلىك ۋاقتىمدا سىلەرگە دەيدىغان گەپلىرىمنى دەۋالاي، ئېغىلدىكى ئۈچ ئاتنى بىردىن ئېلىڭلار، بىلىسىلەر، بۇ ئاتلار دۇلدۇلسىمان ئۇچار ئاتلار، ئۆز قولۇم بىلەن باقتىم. بىر ئوقۇردا سۈيى، بىر ئوقۇردا يېمى، قاچان ئوۋغا چىقارمەن دەپ سىلەرنى كۈتۈۋاتىدۇ. بېرىپ ئاتلارنى ئېلىپ چىقىڭلار، ياخشى ئوقيادىن بىردىن تەييارلاپ قويدۇم، — دەپ ئۈچ ئوغلىنىڭ قولىغا ئۈچ ئوقيانى تۇتقۇزۇپتۇ، ئاندىن يەنە غىلاپلىرى مىس بىلەن قاپلانغان ئېسىل قىلىچلارنى قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ-دە:

— بېشىڭلارغا كۈن چۈشكەندە ئەسقاتىدۇ. بالىلىرىم، قۇلاقتا چىڭ تۇتمىساڭلار بولمايدىغان بەكمۇ مۇھىم يەنە بىر گەپ بار: ھازىر بولسىمۇ، مەندىن كېيىن قالغاندا بولسىمۇ، ھەرگىز كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ماڭماڭلار، زىنھار ماڭماڭلار، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئادەم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، تاماقتىنمۇ قاپتۇ، ھەتتا گېلىدىن سۇمۇ ئۆتمەپتۇ. جان ئۈزۈش ئالدىدا دادىسىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولۇپ يىغلاپ تۇرغان يەنىلا شۇ كەنجى ئوغۇل ئىكەن.

ئېغىر كېسەل بۇ دانىشمەن بوۋاينى پانىي دۇنيادىن باقىي دۇنياغا ئېلىپ كېتىپتۇ. قانىتى سۇنغان ئوغۇللار ئەمدى ئۆزلىرىگە تايىنىپ ھايات كەچۈرۈپتۇ. دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بۇلار بىر-بىرىدىن ئايرىلماپتۇ. لېكىن چوڭ ئوغلى دادىسىنىڭ «كۈنچىقىش تەرەپكە ھەرگىز ماڭماڭلار» دېگەن گېپىدىن گۇمانلىنىپلا يۈرۈپتۇ. ئۇكىلىرىغا بىلدۈرمەپتۇ. بۇلار ھەر كۈنى ئوۋ ئوۋلاشقا چىققاندا، بىرى قېلىپ ئۆي ساقلايدىكەن.

بىر كۈنى چوڭ ئوغۇل ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇكىلىرىغا:

— سىلەر ئۆيدە تۇرۇپ تۇرۇڭلار، بۈگۈن مەن ئۆزۈملا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاپ كېلەي، — دەپلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئىككى ئۇكىسى ئاكىسىنىڭ گېپى بويىچە ھېچ يەرگە بارماپتۇ، چوڭ ئوغۇل ئۆيدىن چىقىپتۇ-دە، ئاتىسىنىڭ دانالىق بىلەن ئېيتقان ۋەسىيىتىنى ئۇنتۇپ «دادام ياخشى ئادەم ئەمەسكەن، ئۇ بىزگە دۈشمەنلىك قىلىپ، كۈنچىقىش تەرەپكە بارماڭلار دېگەن ئىكەن-دە،

دادام ئـالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، كـۆنچىقىشتىن بـاشقا
ھەممە تەرەپلەرگە باردىم. ئۇ يەرلەرنى تـامام ئـايلاندىم،
ماڭا ھېچقانداق ياخشىلىقتىن بېشارەت بولمىدى. ئوۋ ئوۋ-
لسامۇ، ئوۋىمدا بەرىكەت بولمىدى، ھـەممە بـايلىق شۇ
كۈن چىقىش تەرەپتە بولسا كېرەك» دەپدۇ-دە، ئاستىدى-
كى دۇلدۇلسىمان ئۇچار ئاتقا قاتتىق بىر قـامچا ئـۇرۇپ،
ئىنسان ئاياغ باسمىغان خەتەرلىك يول كۈنچىقىش تـەرەپ-
كە قاراپ كېتىپتۇ. يوللار بولسا بارغانسېرى قاقاس چۆل-
لەرگە ئايلىنىپتۇ، ئۇسسۇزلۇق ئـۇنى ئـازابلاپتۇ. تـوپتوغرا
بىر كېچە-كـۈندۈز يـول يـۈرۈپ بـىرئاز ھـاردۇق ئـالاي
دەپ ئاتتىن چۈشۈپتۇ. شۇ ئـارىدا بـىر نـەرسىدىن شـەپە
كېلىپ قارا دېگەندەك قىپتۇ. ئـەتراپقا سـەپسېلىپ قـارىغۇ-
دەك بولسا، ئون نەچچە قەدەم ئارىلىقتا بىر چوڭ تاشنىڭ
ئۈستىدە شۇنداق چىرايلىق ئاپپاق بىر قۇش قونۇپ تۇر-
غۇدەك. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپتۇ.
«مېنىڭ ئوۋۇم ياخشى باشلاندى. بۇ چىرايلىق قۇش ماڭا
بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. دادام بىزنى نېمە ئۈچۈن بۇ يـولدىن
توسقان بولغىيتتى؟!» دەپلا ئوقيانى ئېلىپ قـۇشنى ئـېتىپ-
تۇ. قۇش پۇررىدە ئۇچۇپ ئانچە ئۇزاق بارمايلا يەنە بىر
تـاشنىڭ ئـۈستىگە قـونـۇپتۇ، ئـۇ «ئـەمدىغۇ تـۇتارمەن،
قېنى، نەگە قاچىسەنكىن؟!» دەپ ئىككىنچى قېتىم ئېتىپتى-
كەن، قۇش ئۇ يەردىن ئۇچۇپ يـېقىنلا يـەردىكى بـىر يـا-
غاچقا قونۇپتۇ. چوڭ ئوغۇلنىڭ يۈرىكى بىر ئاز جىغىلداپ-
تۇيۇ، ئاچچىقى كېلىپ، «بۇ قـۇشنى تـۇتماي قـويمايمەن»
دەپ يەنە ئېتىلىپتىكەن. قۇش قاناتلىرىنى لـەپىلدىتىپ بـىر
قېلىن ئورمان ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىتمۇ «بۇ قۇشنى
چوقۇم تـۇتىمەن» دەپ قىرىشىپ، ئـۇچار ئـېتىغا مىنىپ
ئورمان ئىچىگە كىرىپتۇ. قارىسا، دەرەخلـىكنىڭ ئـوتتۇرى-
سىدا قـىرىق پـەلەمپەيلىك بـىر راۋاق بـار ئـىكەن. راۋاق
ئاستىدا ئىتتىك ئاقىدىغان چوڭ ئۆستەڭ بـار ئـىكەن. را-
ۋاقنـىڭ ئـەڭ ئـۈستىدە بـايىقى قـۇش تـۇرغـۇدەك. بـۇ
قـۇشنـىڭ قـاراشلـىرى قـۇشلارنىڭكىگە ئـوخشىمىغۇدەك،
ئـۇنىڭ يـوغان-يـوغان كـۆزلىرى ئـادەمنـىڭ كـۆزلىرىگە
ئوخشاپ تۇرغۇدەك، يىگىت قىرىق پەلەمپەيدىن چىققۇچە
قۇش ئۇچۇپ كەتمىسۇن» دەپ ئويلاپ، تـۆت ئـەتراپتى-
كى تىك ۋە سىلىق ئۆسكەن چىنار دەرەخلىرىگە يامىشىپ
چىقىپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ قۇشقا يېقىن قالغاندا تـۇتاي دەپ
قولىنى سۇنۇشىغا، قۇش يىگىتنى شـۇنداق بـىر تـېپىپتۇكى،
ئـات، ئـۆكۈزلەردىنمۇ قـاتتىق تـەپكەنمىش، شـۇ تـېپىش
بىلەن يىگىت يىقىلىپ ئۆستەڭگە چۈشۈپتۇ-دە، قـىيا تـاش-
لارغا ئۇرۇلۇپ ئۆلۈپتۇ، ئەنە شۇنىڭدىن كېيىنلا قۇش قا-
ياقىدۇر ئـۇچۇپ كـېتىپتۇ، ئـىگىسىز قـالغان ئـۇچار ئـات
ئەنە شۇ ئادەمسىز چۆلدىكى ئورماندا ئوتلاپ يۈرۈۋېرىپ-
تۇ.

ئۆيدە ئۇكىلىرى ئاكىسىنىڭ يولىغا قاراۋېرىپ كۆزلە-
رى تېلىپتۇ ھەم ئايرىلىپ باقمىغان ئاكا-ئۇكىلار ۋەھىمە-
گە چۈشۈپتۇ. ئوتتۇرانچى يىگىت ئېتىنى مىنىپ چاپتۇرغاند-
چە ئـاكىسىنى ئـىزدەپ مېڭىپتۇ. بـارمىغان چۆل-دەشت،
دالا-ئېدىر، شەھەر-مەھەللە قالماپتۇ. ئـاكىسىنىڭ ھـېچبىر
ئـىز-دېرىكـى بـولماپتۇ. «ئـاكام كـۈنچىقىش تـەرەپكـە
كەتكەن بولسا كېرەك» دەپتۇ-دە، ئـۇچار ئـېتىنى مـىنىپ
بۇ ئوتتۇرانچى يىگىتمۇ كـۈنچىقىش تـەرەپكە كـېتىپتۇ. ئـۇ
ھـېلىقى ئـادەم ئـايىغى بـاسمىغان چۆلگە كـېلىپ قـارىسا،
راست دېگـەندەك بـىر ئـاتنىڭ ئـايـاغ ئـىزى ئـۇچراپتۇ.
«ئاكام دادامنىڭ ۋەسىيىتىنى قۇلاقتا تۇتماستىن بۇ تـەرەپ-
كـە كـېتىپ قـالغانىكەن-دە، مـەن ئـۇنى ئـىزدەپ تـېپىشىم
كېرەك» دەپلا ئاتنىڭ ئاياغ ئىزىنى يۈتتۈرمەي، ئـاكىسى
قانچىلىك يول ماڭغان بولسا، بۇمۇ شۇنچىلىك يول مېڭىپ-
تۇ. چىرايلىق ئاق قۇش ئـاكىسىنى قـانداق ئـەگەشتۈرگەن
بولسا بۇنىمۇ شۇنداق ئەگەشتۈرۈپ، قېلىن دەرەخلىك ئى-
چىگە ئەكىرىپ كېتىپتۇ. قىرىق پەلەمپەيلىك راۋاقنىڭ ئـەڭ
ئۈستىگە قونۇپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئاكىسىنىڭ ئىنتىقامى-
نى ئالماقچى بولۇپ، چىنارغا يامىشىپ قۇشقا يېقىنلىشىپتى-
كەن، قۇش ئۇنىمۇ قاتتىق تـېپىپتۇ. يـىگىت قـىيا تـاشلارغا
سوقۇلۇپ ئۆلۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۇنجى ۋە ئوتتۇرانچى
يىگىتلەرنىڭ جەستى قىيا تـاشلار ئـارىسىدا قـاپتۇ، ئـۇچار
ئاتلار بولسا خېيىم-خەتەرسىز شۇ چۆلدە ئوتلاپ يۈرۈۋې-
رىپتۇ.

ئەمدى بىز كەنجى ئوغۇلغا كېلەيلى: ئۇ ئـىككى ئـا-
كىسىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمىگەنلى-
كىدىن يامان بىر ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سېزىپتۇ. ئـۆزى
چوڭ بولغان قەدىم جـايلىرىنى يـېقىن كـىشىلىرىگە قـالدۇ-
رۇپ، ئوزۇقلۇق تەييارلاپ، ئوقيا، قىلىچلىرىنى تـازىلاپ،
ئۇچار ئېتىغا مـىنىپ يـولغا چـىقىپتۇ. قـەدىردان ئـاتىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com



دانا ۋەسىيەتلىرىگە خىلابەن بارسا كەلمەس يولغا كېتىپ
قالغىنىنى كۆڭلى تۇيۇپ، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ يول
ئاپتۇ. ئەندىشىلىك خىياللار بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى
كۆڭلىگە پۈكۈپ، دۈشمەندىن ئۆچ ئېلىشقا باتۇرلارچە بې-
لىنى باغلاپ، چىغىنى چاغلاپ كۈنچىقىشقا قاراپ مېڭىۋې-
رىپتۇ. تىلسىمات چۆللەردە ناھايىتى دىققەت قىلغانسېرى
ئۇنى شۇنچە ۋەھىمە بېسىپتۇ. دەل بىر كېچە-كۈندۈز
يول يۈرۈپ بىر چوڭ تاشنى كۆرۈپتۇ، ھېلىقى چوڭ تاشقا
قونۇپ تۇرغان ئاق قۇش بۇ يىگىتكىمۇ كۆرۈنۈپتۇ.
كەنجى ئوغۇل بىر قاراپلا بۇ قۇشنىڭ شۇملۇقتىن دېرەك
بېرىۋاتقانلىقىنى سېزىپتۇ، قۇشمۇ تۈگۈلۈپ يىگىتكە قاراپ
تۇرغانمىش. مەرگەن كەنجى يىگىت ئوقياسىنى قۇشنىڭ
كۆكرىكىگە قارىتىپ ئېتىپتىكەن. قۇشنىڭ تۈكلىرى ھەر
تەرەپكە توزۇپتۇ، قۇش باتۇر يىگىتنىڭ پەيلىنى بىلگەن
بولسا كېرەك. ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇ
كۆتۈرۈلگەنچە ھېچ يەرگە قونماي كۈنچىقىش تەرەپكە
قاراپ ئۇچۇپتۇ. يىگىت «بۇنىڭدا بىر سىر بار. بۇ قۇشنى
تۇتماي قويمايمەن» دەپ، قۇشنىڭ كەينىدىن قوغلاپ مې-
ڭىپتۇ. شۇ ماڭغانچە دەرەخلىك ئورمان ئىچىگە كىرىپ
قاپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن خالىي
بولغان بۇ ئورمان ئىچىدە ئىككى ئاكىسىنىڭ ئاتلىرى
ئوتلاپ يۈرگۈدەك، كەنجى يىگىتنىڭ يۈرەكلىرى گۈپۈل-
دەپ ئۇرۇپتۇ. مېھرىبان ئاتىسىنى يادىغا ئېلىپ كۆزىنى
ياشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇچۇپ يۈرگەن بۇ قانات-
لىق دۈشمەننى تۇتۇش ئۈچۈن ئىرادە باغلاپتۇ، ئۇچار
ئاتنىڭ تاسمىلىرىنى چىڭىتىپتۇ ۋە ئاتقا قاراپ «سەپەر
قىلدىم چۆلدە، يالغۇز كېتەر بولدۇم، كېچە-كۈندۈز
بارغىن قانات ئۇچار ئېتىم، مەنزىلىمگە يېتەر بولدۇم»
دەپتۇ. شۇ چاغدا ئات قاتتىق بىر كىشنەپتۇ ھەم سەپەرگە
چىقىش ئۈچۈن چاپچىپ ئېتىلىپ تۇرۇپتۇ. كەنجى يىگىت
ئاتىسى باققان، خارلىق تارتقان ئاكىلىرىنىڭ ئىككى ئېتىنى
تاشلاپ قويۇشقا كۆزى قىيماي ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ
كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ سەپىرىنى داۋام قىپتۇ. چۆللەر-
دە كېتىپ بېرىپ، «تىنچ ھاياتىمىزنىڭ بۇزۇلۇشى ھەم بۇ
ۋەيرانلىقنىڭ سەۋەبى شۇ ئاكىلىرىمنىڭ ئاتامنىڭ ۋەسىيەت-
لىرىدىن يۈز ئۆرىگەنلىكىدىن ئەمەسمۇ!» دېگەنلەرنى
كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. ئەنە شۇ تەرىقىدە كېتىۋاتقان

كەنجى يىگىت بىردىنلا يولدىن توختاپ قاپتۇ-دە، ئۆز
كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەي قاپتۇ. چۈنكى چۆلدە بىردىنلا
ئاپپاق ساقال، ھاسا تايالغان مويسىپىت ئادەم پەيدا
بولۇپ قالغانىكەن، يىگىت «بۇ ياخشىلىقنىڭ بەلگىسىمۇ؟»
دەپتۇ-دە بوۋاينىڭ ئالدىغا ئىتتىك بېرىپ سالام بېرىپتۇ،
بوۋاي سالامغا جاۋاب قايتۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئوغلۇم، بەك ياش ئىكەنسەن، بۇ ئادەم ئاياغ
باسمىغان خەتەرلىك چۆللەردە يالغۇز نېمە قىلىپ يۈرە-
سەن؟ ھېلىمۇ ئۆلگۈرىسەن، بەك ئىچكىرىلەپ كىرىپ
كەتمەپسەن، كەينىڭگە ياندا بالام، — دەپتۇ، كەنجى
يىگىت.

— ئى ئاتا، دۈشمىنىمدىن قىساس ئالماقچىمەن، يو-
لۇمدىن يانالمايمەن، يىگىت سۆزىدىن، يولۋاس ئىزىدىن
يانماس دەپتىكەن، — دەپتۇ. بوۋاي:

— قاتتىق شەرت قىپسەن بالام، بوپتۇ بارغىن،
لېكىن سۆزۈمگە قۇلاق سال! بىر كېچە-كۈندۈز يول ماڭ-
غىنىڭدا ساڭا 41 تۆمۈرچى ئۇچرايدۇ، ئۇلار ناھايىتىمۇ
يوغان ھەم باتۇر ئادەملەر، دېۋىلەر تىپىدىن، ئۇلار بىر
ئۇخلىسا يەنە كېچە-كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ئۇلار مال-ۋاران
باقىدۇ، بىر ئولتۇرۇشىدا ھەر بىرى بەش قوينىڭ گۆشىنى
يەيدۇ، ئۇلارغا ئۇچراشقان ئادىمىزاتنى تىرىك قويمايدۇ.
ئۇلارغا پەقەت ئادىمىزاتتىن كاۋاپچى كېرەك، كاۋاپچىنى
تاپالماي كېلىۋاتىدۇ. سەن ئۇلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتىمۇ
كىچىك بىر ئادەمسەن. سەن ئۇلارغا «مەن بىر كاۋاپچى،
سىلەرنى ئىزدەپ كەلدىم» دېگىن. شۇنىڭ بىلەن ساڭا ئې-
غىلدىن نۇرغۇن قويلارنى ئەپچىقىپ بېرىدۇ، كاۋاپ پىشۇ-
رىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ بېرىدۇ. شۇنچە
قويلارنى ئۆزۈڭ سويىسەن، ئۇلار «بىر ئۇخلاپ قوپقىچە
كاۋاپلارنى تەييارلايسەن، تەملىك قىلىپ ياخشى پىشۇرى-
سەن، ئۇنداق قىلمىساڭ جازايىڭنى تارتىسەن» دەپ ئۇخ-
لاشقا كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سەن قويلارنى بىر
باشتىن سويۇپ، بىر ياقتىن كاۋاپلارنى دورا-دەرمانلار
بىلەن پىشۇرۇپ ئۆزۈڭ راسا يە، ئۇلار يەتتە كېچە-
كۈندۈز ئۇخلاپ ئويغانغىچە ھەممە قوينىڭ گۆشىنى يەپ
تۈگىتىۋەت. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ «قېنى، كاۋاپلارنى
كەلتۈر» دەيدۇ. شۇ ۋاقىتدا سەن: ئاكىلار، خاپا بولماڭ-
لار، سىلەر ماڭا قويلارنى ئاز بېرىپسىلەر، كاۋاپلارنى

دورىلىرى تېتىدىمىكىن، دەپ تېتىپ باقسام تۈگەپ قالدى. مەنمۇ تېخى تۈزۈكرەك يېيەلمىدىم. ئۇنداقمۇ ئاز بېرەمسىلەر قويلارنى؟ سىلەر شۇنچە كۆپ ئادەم ئۇنچەلىك نەرسىگە قانداق تويىسىلەر؟» دەپ تۇرۇۋالغىن. بۇ 41 تۆمۈرچىنىڭ بىر باشلىقى بار، ئۇ ھەممىدىن يامان. ئۇ ساڭا «سەن كىچىككىنە بىر ئادەم تۇرۇپ، بىزدىن قورقماي نېمىلەرنى دەۋاتىسەن شۇنچىۋالا قويلارنى نەگە ئاپاردىڭ؟!» دەپ سېنى بىرلا مىجىپ يوق قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇنى ئۇرۇپلا ئاستىڭغا بېسىۋال، پەچاقنى گېلىغا تەڭلەپ تۇرۇپ قورقاتساڭ، ئۇ: «بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچكىن. مېنىڭ قول ئاستىمدا 40 ئادەمىم بار، بىز ئەسلىدە كۈنچىقىش تەرەپتىكى باشلىقىمىزنىڭ قول ئاستىدا ئىدۇق، بىز ئۇنىڭغا سادىق ئىدۇق. ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ سېنىڭ بولدۇق» دەپ ۋەدە بېرىدۇ. ئاندىن ئۇنى قويۇپ بېرىسەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ساڭا يامانلىق قىلمايدۇ. سەپىرىڭنى داۋام قىلىسەن. يەنە بىر كېچە-كۈندۈز يول ماڭساڭ، خۇددى مۇشۇ ئادەملەردەك 41 ياغاچچىغا ئۇچرايسەن. 41 تۆمۈرچىگە قانداق قىلغان بولساڭ، بۇ 41 ياغاچچىغىمۇ شۇنداق قىلىسەن. بۇلارمۇ سەن تەرەپكە ئۆتىدۇ. پەيتى كەلگەندە بۇلارمۇ ساڭا ياردەم بېرىدۇ. ئاندىن كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ يەنە بىر كېچە-كۈندۈز يول يۈرسەڭ، 41 پالچىغا يولۇقىسەن. ئۇلارغىمۇ خۇددى تۆمۈرچى، ياغاچچىلارغا قىلغان ئەنە شۇ ئىشلارنى قىلىسەن، بۇلارمۇ سەن تەرەپكە ئۆتىدۇ. بۇلارنىڭ ياردىمى بىلەن مەقسىتىڭگە يېتىسەن، — دەپتۇ. يىگىت.

— ھەممە گەپلىرىڭىزنى ئاڭلىدىم. ئاتا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇندىيالايمەن، ئەمما ئىككى ئىشنى قىلالمايمەن. بىرى، ئۇنچىۋالا كۆپ قويلارنى سويالمايمەن. يەنە بىرى، ئۇنچىۋالا كۆپ گۆشنى يەپ بولالمايمەن. ئۇلار دىۋە ئەۋلادىدىن، مەن بولسام ئادەم، بۇنىڭغا ئاجىزمەن، — دەپتۇ. مويسىپىت:

— قويلارنىمۇ سويالايسەن، ئەكەل ئوڭ قولۇڭنى بالام، — دەپ ئوڭ بىلىكىگە ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ دەم سېلىپ قويۇپتۇ، — گۆشنىمۇ يەپ كېتەلەيسەن بالام، ئەكەل ئاغزىڭنى، — دەپ يىگىتنىڭ ئاغزىنى يوغان ئاچقۇزۇپ، دەم سېپتۇ. يىگىت:

— ئۇقتۇم ئاتا، يول كۆرسەتتىڭىز ماڭا، رەھمەت، — دەپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ، بوۋاي:

— بار بالام، يولۇڭدىن قالما، — دەپ رازىلىق بىلدۈرۈپ خوشلىشىپتۇ. بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئاقساقال بوۋاي ھېچ يەردە كۆرۈنمەپتۇ. كەنجى يىگىت: «ماڭا ئاتام دۇئا قىلغان. شۇنىڭ بەرىكىتىدىن ماڭا خىزىر يار بولغان ئوخشايدۇ» دەپتۇ ۋە خۇشال بولۇپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلىپ، شىر يۈرەك پالۋانلاردەك، تاغلارنى تالقان قىلغۇسى كەپتۇ. بىر كېچە-كۈندۈز يول ماڭغاندىن كېيىن راستىنلا «تاڭ-تۇڭ، تاڭ-تۇڭ» قىلغان تۆمۈرچىلەرنىڭ بولقا-بازغانلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. يىگىت تۆمۈرچىلەرگە سالام قىلىپتۇ ۋە «ئىش ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئۆزۈم كاۋاپچى بولىمەن» دەپتۇ. بۇ ئادەملەر ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان غەيرىي ئادەملەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ بويلىرى بەكمۇ ئېگىز، ئۆزلىرى ئىنتايىن سېمىز ئىكەن. بۇلارنىڭ باشلىقى:

— كاۋاپچى بولساڭ ياخشىكەن، بىز ھازىر ئارام ئېلىپ ئۇخلايمىز. بىز ئۇخلاپ قوپقىچە بۇ قويلارنى سويۇپ كاۋاپنى تەييار قىلىۋەر! تەملىك بولسۇن، — دەپ نۇرغۇن قويلارنى ئەپچىقىپ بېرىپتۇ-دە، ئۆزلىرى ئۇخلاش ئۈچۈن كىرىپ كېتىپتۇ.

كەنجى يىگىت قويلارنى قىينالمايلا بىر تەرەپتىن سويۇپ، بىر تەرەپتىن كاۋاپنى پىشۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن تېتىپ باقايچۇ، قانداق بولدىكىن، دەپ ئۆزى يەپ كېتىۋاتقۇدەك، ئەمما ھەرگىز تويمايۋاتقۇدەك، بۇ ئىشقا ئۆزىمۇ ھەيران بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ شۇنداق جىق كاۋاپنىڭ ھەممىسىنى يەپ قويۇپتۇدەك. تۆمۈرچىلەر ئويغىنىپ يۈز-قوللىرىنى يۇيۇپتۇ، باشلىقى:

— قېنى، كاۋاپچى، كاۋاپىڭنى ئەكەل، — دەپ ۋارقىراپتۇ. كاۋاپ ھېچ كەلمىگۈدەك، باشلىقى چىقىپ قاراپتۇ. كاۋاپچى:

— سىلەر ماڭا قويلارنى ئاز بېرىپسىلەر، كاۋاپنى پىشۇرۇۋېتىپ تۇزىنى تېتىدىمىكىن دەپ يەپ باقسام ھەممىسى تۈگەپ كەتتى. بەرگەن گۆشۈڭلار سىلەر تۇرماق ماڭىمۇ يەتمەي قالدى، — دەپتۇ. بۇ گەپكە ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئاچچىقى كەپتۇكى، بۇ كىچىككىنە ئادەمنى بىر قول بىلەنلا مىجىۋەتمەكچى بولۇپ:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇنداق گەپنى كىمگە دەۋاتىسەن؟ — دەپ يىگىتكە ئېسىلىپتۇ، بىراق يىقىتالماپتۇ. «كاۋاپچى» بۇ دىۋىدەك ئادەمنى يىقىتىپ ئاستىغا بېسىۋاپتۇ-دە، قىلىچنى بوغۇزىغا تەڭلەپتۇ. «كىچىككىنە» ئادەمنىڭ قۇدرىتىگە بۇ ئادەملەر قايىل بوپتۇ. باشلىق:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسەڭ قولۇمدىكى قىرىق ئادىمىم بىلەن بىللىلا ساڭا خىزمەت قىلىمەن. بىراق كۈنچىقىشتا بىر باشلىقىمىز بار، ئۇ چىرايلىق بىر قىز، ئۆزى پەرىلەردىن، ئۇنىڭ ئېتى گۈل قىز. بۇگۈندىن باشلاپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيمەن. بۇنىڭدىن كېيىن بېشىڭغا كۈن چۈشۈپ قالسا، ئاق بايراقتا قان تامچىلىرى پەيدا بولىدۇ. سەن قەيەردە بولساڭ شۇ زامان بىز سېنىڭ يېنىڭدا پەيدا بولىمىز-دە، سېنى پالاكەتتىن قۇتۇلدۇرىمىز، — دەپتۇ ھەم ۋەدىسىدىن يانماسلىققا قەسەم بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇلار يىگىت بىلەن سادىق دوستلاردىن بولۇپ قاپتۇ، يىگىت سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يىگىتنى تۆمۈرچىلەر ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. كەنجى يىگىت بىر كېچە-كۈندۈز يول مېڭىپ 41 ياغاچچى بار جايغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارمۇ خۇددى تۆمۈرچىلەرگە ئوخشايدىكەن. تۆمۈرچىلەر بار يەردە قانداق ئىشلار بولغان بولسا، بۇ ياغاچچىلار بار جايدىمۇ خۇددى شۇنداق ئىشلار بولۇپتۇ. ئۇلارمۇ گۈل قىز پەرىنىڭ ئادەملىرى ئىكەن. ئۇلارمۇ «بېشىڭغا كۈن چۈشسە ھازىر بولىمىز. بىز شۇ جايدا ھازىر بولىمىز» دەپتۇ ھەمدە ئۇنىڭ زېرەك، باتۇرلۇقىنى ھەم ئىنسانلارغا ئۆچ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. يىگىت يەنە داۋاملىق مېڭىپتۇ. بىر كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ 41 نەپەر پالچىلار بار جايغا يېتىپ كەپتۇ. بۇ يەردىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ئىشلار بوپتۇ. يىگىت بۇلارنىڭمۇ ئاق كۆڭۈل، سادىق دوستلار ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ سەپەردىكى مەقسىتىنى ئوچۇق ئېيتىپتۇ. بۇ ئادەملەردىن:

— ئەمدىكى سەپەر مېنى نەگە ئاپىرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ، پالچىلار:

— ئەمدى گۈل قىز پەرىنىڭ ماكانىغا بارىسەن، ئۇ ئاجايىپ گۈزەل باغلىق ماكان. بۇ باغدا قۇشلار تىنىماي سايراپ تۇرىدۇ. ئېغىلدا دۇلدۇللىرى كىشنىشىپ تۇرىدۇ. باغدىكى مېۋىلەرنى ئېھرامنىڭ بېغىدىن كەلتۈرگەن. مەي بولۇپ پىشىپ يەنە تۈۋىگە چۈشۈپ تۇرىدۇ، بۇ مېۋىلەر بۇ يالغۇز ماكاندا ئىنسانلارنى سېغىنماقتا، بىراق بۇ ماكانغا ئىنسانلار ئاياغ باسالمايدۇ. ھەرقانچە باتۇر بولساڭمۇ، بۇ پەرىزاتقا تەڭ كېلەلمەيسەن. گۈل قىز قۇش بولۇپ ئۇچالايدۇ. ئادەم بولۇپ ماڭالايدۇ. ھەرخىل ئۆزگىرەلەيدۇ. ئۇ ئۇخلىسا 12 كېچە-كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ئۇ ھازىر نېمە قىلىۋاتىدىكىن. بىز پال سېلىپ كۆرەيلى، — دەپ پال سېلىشىپتۇ ۋە پالغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— گۈل قىز يېڭىلا ئۇخلاشقا باشلاپتۇ، دۇلدۇل ئاتلىرى، بۇلبۇلگويا قۇشلىرى ئۆز جايلىرىدا ئۆگدەشكە باشلاپتۇ. ياخشى بىلگىنكى ئەي يىگىت، ئۇلارنىڭ ھەممىسى زېرەكلىك بىلەن گۈل قىزنى ساقلايدۇ. گۈل قىز ۋە ئۇنىڭ بارلىق جان-جانىۋارلىرىنىڭ ئاجايىپ سېھىرلىك خىسلەتلىرى بار، بۇنى سەن بىلمەيسەن. ھەتتا بىز — تۆمۈرچى، ياغاچچى، پالچىلاردىمۇ ئاجايىپ خىسلەتلەر بار، بىزگە ئىشەن، بىز ساڭا يار-يۆلەك بولىمىز.

قىرىق پالچىنىڭ باشلىقى:

— گۈل قىز بارغانسېرى قاتتىق ئۇخلايدۇ، ئۇنىڭ ماكانى بىزگە يېقىن، ھازىردىن باشلاپ يەرنىڭ ئاستىدىن گۈل قىزنىڭ ئۆيىگىلا چىقىدىغان قىلىمىز، شۇنىڭدىن كېيىن قالغان ئىشنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، — دەپتۇ. كەنجى يىگىت ماقۇل بوپتۇ. ئۇلار ئىشنى باشلىۋېتىپتۇ. گۈل قىز قاتتىق ئۇخلاۋاتقاندا يەر ئاستىدىمۇ گۈل قىزنىڭ ئۆيىگە چىقىدىغان يول كولىنىپ بوپتۇ. كەنجى يىگىت «دۈشمەندىن ئۆچ ئالىدىغان ۋاقت ئاخىر يېتىپ كەلدى» دەپتۇ-دە، قولىغا قىلىچ-ياراقلىرىنى ئېلىپ گۈل قىزنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. قارايدۇكى، ئۇنىڭ تاملىرىغا ئۇرۇش كىيىملىرى، ساۋۇت-قالقانلار، قورال-ياراغلار ئېسىلغانىكەن. پەرىلەردىن بولغاچقا ئۇنىڭ چىرايلىقلىقىغا دۇنيادا ھېچ نەرسە تەڭداش ئەمەسكەن. ئۇ شۇنچىلىك خاتىرجەم ئۇخلاۋاتقانىكەن. ئۇنىڭ تال-تال چاچلىرى پەسكە ساڭگىلاپ گىلەمدە تۇرۇلۇپ تۇرغىدەك، ئۇ ئادىمىزات ئەۋلادى بۇ ماكانلارغا ئاياغ باسالمايدۇ دەپ قارايدىكەن. يىگىت پەرىنى ئۆزىنىڭ چېچى بىلەن كارىۋاتقا باغلاپتۇ. پالچىلارمۇ سىرتتا ھەرقانداق ئېھتىمالغا تەييار بولۇپ كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. يىگىت ئۇنىڭ گېلىغا قىلىچنى تەڭلەۋاتقاندا ئۇ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا ئۆزىنىڭ بۇ مۇقەددەس ماكانىدا ئادىمىزات تۇرغۇدەك. ئۇ يىگىتنى تونۇپ «ئۇ ئىككى ئاكىسىغا

ھەرگىز ئوخشىمايتتى. ئۇ زېرەك ۋە قەيسەر ئىدى. ئاخىـ
رى يېتىپ كەپتۇ-دە» دەپ ئويلاپتۇ. كەنجى يىگىت:
— ئەمدى قولۇمغا چۈشكەنسەن، ئىككى ئاكامنىڭ
بىگۇناھ ئاققان قېنى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمەن. باغرىڭنى
يېرىپ يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، بېشىڭنى تېنىڭدىن
جۇدا قىلىپ، قانخور بېشىڭنى ئېتىمغا غانجۇغىلاپ ئېلىپ
كېتىمەن! — دەپتۇ. پەرىزات.
— سېنىڭ دېگەنلىرىڭ ھەق! بىراق مېنىڭ قېنىم
ئاقسا بولمايدۇ، پۈتۈن جاھان قان يۇراپ كېتىدۇ. ھەممە
جانلىقلار ھاياتلىقتىن لەززەت ئالالمايدۇ. سەن بىز پەرد-
لەرنى چۈشەنمەيسەن. ئادىمىزاتنىڭ ئۆمرى قىسقا، پەرد-
لەر ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ. ۋاقىتسىز قېنىمىز ئاقسا، ئۇ
قان كۆپىيىپ ھەممە جاھانغا يامرايدۇ. باشقىلار ئۈچۈن
بولسىمۇ مېنى كەچۈرگىن! راست، مەن ئادىمىزاتقا ئۆچ،
مەن تامانغا ماڭغان ھەممە ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. ئاخىر
قىساس تۇتۇپ ئادىمىزاتنىڭ قولىغا چۈشتۈم. ئاڭلا، ئاتام-
غا بەرگەن بىر قەسىمىم بار ئىدى. مەن ناھايىتى مەغرۇر
ئىدىم. ئاتام «ئادىمىزات بىلەن قارشىلاشما! كۆزۈڭگە
ئىلمىغان شۇ ئادىمىزات سېنى يېڭىپ قويسا قانداق قىلى-
سەن؟!» دېگەندە، مەن ئادىمىزات بىلەن مېنى تەڭ
قىلماڭ. شۇنداق بولۇپ قالسا، مەن شۇ ئادىمىزات بىلەن
توي قىلىپ بىللە ئۆتىمەن دېگەن. بىز قەسىمىمىزدىن يان-
مايمىز. قولۇمدا نۇرغۇن خىزمەتكارلىرىم ۋە ھايۋانلىرىم،
باغلىرىم بار. ئەنە شۇلار بىلەن ساڭا خىزمەتتە بولاي.
قوبۇل كۆرسەڭ مېنى نىكاھىڭغا ئالغىن، مەن ساڭا ئېگىلى-
دىم. گۇناھىمدىن كەچكىن. تىنچ ھايات باشلايلى. مېنى
ئۆلتۈرسەڭ ئۆزۈڭگىمۇ ياخشىلىق بولمايدۇ، — دەپتۇ.
كەنجى يىگىت، پەرىلەرنىڭ بىر تامچە قېنى ئاقسا مىڭ
تامچە بولىدۇ دەپ ئاڭلىغانىكەن. شۇڭا ئۇ مەندە ھازىر
نە يۇرت-ۋەتەن، نە بىر تۇغقان، نە يار-دوست بولمى-
سا، بۇ ماكاندىن كەتمەي، بۇ پەرى بىلەن توي قىلىپ ئۆز
ئىلكىمگە ئالاي. ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ دېگەن
گەپ بار. ئۆلتۈرۈپ يوقاتقىلى بولمىغانىكەن، نىكاھلىنىپ
بىللە ئۆتەيلى، دەپتۇ-دە، گۈل پەرىگە:
— بوپتۇ، تەلىيىڭ بار ئىكەن، بىر قوشۇق قېنىڭدىن
كەچتىم. ئازاد بولدۇڭ، سېنى ئۆز ئەمرىمگە ئالدىم، توي-
تاماشىنى باشلىغىن! — دەپتۇ.

سىرتتا تۇرۇپ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولاركىن دەپ
مارىشىپ تۇرغان پالچىلار يۈگۈرۈشۈپلا ئۆيگە كىرىپ
خۇشال بولۇپ، «يامان ئىشلار ياخشى ئىشلارغا ئايلان-
دى، ھەر ئىككىڭلار بىزنىڭ باشلىقىمىز» دەپتۇ-دە، گۈل
قىزنىڭ يولىيورۇقى بىلەن تويغا تەييارلىنىپتۇ. تۆمۈرچى،
ياغاچچىلارنىمۇ تېزدىن چاقىرتىپتۇ. ھەممە ئۇسسۇلغا چۈ-
شۈپتۇ، گۈل قىز پەرىنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇلۇپ ئاي
بىلەن بەسلىشىپتۇ. بەزمىگە جور بولۇپ باغدا بۇلبۇل
قۇشلار سايرىشىپتۇ. دۇلدۇل ئاتلار تەڭگەش قىلىپ كىشـ-
نىشىپتۇ، كەلگەنلەرمۇ ئۆز جايىغا قايتىش ۋاقتىدا قىز-يى-
گىتكە «بىز كېتىمىز، بېشىڭلارغا كۈن چۈشسە شۇ ۋاقىتتىدا
دەرھال يېنىڭلاردا تەييار بولىمىز. سىلەرگە تىنچ تۇرمۇش
ۋە بەخت ئاتا بولسۇن!» دەپتۇ.
كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈۋېرىپتۇ. بۇ بىر جۈپ ئەر-
خوتۇنلار ئىناق ياشاپتۇ. بىر كۈنى كەنجى يىگىتنىڭ ئىچى
پۇشۇپتۇ، ئۇ ئوۋچىلىق كەسپىنى سېغىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
گۈل قىزغا:
— مەن بىر ئوۋچىنىڭ ئوغلىمەن، ئۆزۈممۇ بىر
ئوۋچى ئىدىم. مەن ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىمەن، — دەپ يول
تەييارلىقىنى قىپتۇ. گۈل قىز ئېرىنى ئۇزىتىۋېتىپ بىر قوڭ-
غۇراقنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ ۋە:
— قايتقاندا قورغان دەرۋازىسىغا يېقىن كەلگەندە،
بۇ قوڭغۇراقنى بىر چېلىۋېتىپ ئاندىن قورغانغا كىرىڭ، —
دەپتۇ. كەنجى يىگىت بۇنىڭغا ھەيران بوپتۇ. يىگىت
ئورمان-دالالارنى ئايلىنىپ، ئوۋ ئىشىنى تۈگىتىپ ۋاقىت-
تىن بۇرۇن ئۆيگە يېنىپتۇ. قوڭغۇراقنى چالماستىنلا قورغان-
غا كىرىپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشكەنىكەن،
گۈل قىز بولسا، سۇمبۇل چېچىنى تاراش ئۈچۈن قورغان
ئىچىدىكى كۆۋرۈككە چىقىپ چېچىنى سۇغا ساڭگىلىتىپ
تۇرۇپ تاراۋاتقاندا ئېرى كېلىپ قاپتۇ-دە، ئالدىراپ
چۈشكەن چاچلىرىنى يۇغۇشتۇرمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ كې-
تىپتۇ. چۈشكەن چاچلىرى ئېقىن سۇدا ئېقىپ كېتىپتۇ. پەرى-
زات چېچىنى تاراۋاتقاندا ئالدىراپ قالماسلىق ئۈچۈنلا يى-
گىتكە قوڭغۇراقنى بەرگەنىكەن.
گۈل پەرى ئېرى بىلەن تاماقلىنىپ باغدا ئارام
ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. كەنجى يىگىت ھەم دىۋە-پەرىلەر تېپى-
گە كىرىپتۇ. ئۇمۇ ئۇخلىسا ئون نەچچە كۈن ئۇخلايدىغان

www.uyghurkitap.com



بوپتۇ، بۇلارنىڭ ئۇخلاش ۋاقتى بولۇپ قالغانىكەن. ئۇلار بۇ تىنچ ماكانلىرىدا ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. پىنهان جايدىكى، باغدىكى بۇلبۇلگويالار، ئوتنىڭ ئۇچىنى يەپ، سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچىدىغان دۇلدۇل ئاتلىرىمۇ بۇلار بىلەن تەڭ ئۇيقۇ دەرياسىغا چۆمگەنىكەن.

بۇ قورغاننى بېسىپ ئۆتىدىغان بايىقى چوڭ ئېقىن سۇنىڭ ئاخىرى موڭغۇل پادىشاھىنىڭ شەھىرىگە ئېقىپ باردىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ماللىرىنى باقىدىغان بىر پادىچىسى بار ئىكەن، ئۇ كالىلارنى سۇغۇرۇۋېتىپ، كالىنىڭ پۇتلىرىغا يۆگۈشۈپ قالغان چاچلارنى تېپىۋاپتۇ-دە، پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپ:

— پادىشاھى ئالەم، بىر گۈزەلنىڭ چېچىنى تېپىۋالدىم، دۇنيادا گۈللەرنىڭ گۈزەللىرىدىنمۇ مۇنداق ئۇزۇن ۋە مۇنداق سۇمبۇل چاچ بولمىسا كېرەك. بۇ پەرىنىڭ چېچى بۇنچىلىك گۈزەل تۇرسا، ئۇنىڭ ئۆزى قانچىلىك گۈزەلدۇ؟ بۇ ئىشنى پادىشاھقا يەتكۈزمەي قانداق تۇرالايمەن؟ — دەپتىكەن. پادىشاھ خۇشال بولۇپ، بۇ پادىچىغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىپ ئوردىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. پادىشاھ بۇ سۇمبۇل چاچقا قاراپ ئولتۇرۇپ، «راستىنلا بەك گۈزەلكەن» دەپتۇ-دە، بۇ نامەلۇم گۈزەلگە غايىبانە ئاشىق-بىقارار بوپتۇ ۋە بۇ ئاشىقلىقتا چىدالمىدىم دەپ، مەيدىسىگە مۇزنى يېقىپ يېتىۋاپتۇ، «بۇ گۈزەلنى ئىزدەپ تېپىپ ئېلىپ كېلىڭلار! تېزدىن ئېلىپ كېلىڭلار! ئېلىپ كەلمىسەڭلەر جازايىڭلارنى تارتىسىلەر!» دەپ ئادەملىرىگە ئۆكتەملىك قىلىپ زۇلۇم ساپتۇ. ۋەزىر:

— ئالدى بىلەن پالچىلىرىمىزغا پال سالدۇرۇپ باقايلى. ئۇ گۈزەل قىز زادى نەدە تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرى قانچىلىك، ئۇنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ ئامالىنى قىلىمىز، — دەپتۇ. بۇ گەپ پادىشاھقا يېقىپتۇ، پالچىلارمۇ يېتىپ كەپتۇ، ئۇلار پال ئېچىپ شۇنداق دەپتۇ.

— بۇ گۈزەل قىز بۇ يەردىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ قورغان-قەسىرلىرى ئادەمسىز ئىكەن. پەقەت ئات-ئۇلاغلىرى، قۇش-جانىۋارلىرىلا بار ئىكەن. ئۇلار ھەممىسىلا قاتتىق ئۇيقۇدا ئىكەن، گۈزەل پەرىمۇ ئۆز ھۇجرىسىدا ئۇيقۇدا ئىكەن. ئۇ گۈزەل پەرىلەردىن ئىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ بىر ئۇخلىسا ئون نەچچە كۈن ئۇخلايدىكەن. يەنە بىر ئەر كىشى بار ئىكەن، ئۇمۇ ئۇزاق ئۇخلىسا كېرەك. مانا مۇشۇ چاغدا ئۇنى ئاسانلا ئېلىپ كەلگىلى بولىدۇ، — دېيىشىپتۇ.

پادىشاھ دەرھاللا ياراملىق ئادەملىرىنى يىغىپتۇ. ۋەزىرلىرىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن يوغان بىر ساندۇقنى تەييارلاپ، ياخشى ئاتلار بىلەن 40 ئادىمىنى گۈزەل پەرىنى ئەپچىقىپ كېلىشكە قورغانغا ئەۋەتىپتۇ. راستىنلا قورغان جىمجىت ئىكەن. بۇ ئادەملەر قورغانغا ئاستىلا كىرىپ، گۈزەل پەرىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، يوغان ساندۇققا ياتقۇزۇپ ئېلىپ كېتىپتۇ.

موڭغۇل پادىشاھى ساندۇقنى ئۆز ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ پەرى ئويغانغىچە توي-تاماشىنى باشلىۋېتىپتۇ. بۇلار شۇنداق تۇرۇپ تۇرسۇن. بىز ئەمدى تۆمۈرچى، ياغاچچى، پالچىلارغا كېلەيلى:

تۆمۈرچىلەر ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپلا «يامان بولدى، باشلىقىمىزنىڭ بېشىغا ئېغىر ئىش كەلگەن ئوخشايدۇ. دەرھال قۇتۇلدۇرۇشىمىز كېرەك» دەپ ھەممىسى تەييارلىق بىلەن قورغانغا ئاتلىنىپتۇ. ياغاچچى، پالچىلارمۇ ئوخشاشلا ئاتلىنىپتۇ. بۇلار كېلىپ قارىسا، قورغان دەرۋازىلىرى ئوچۇق، ئەتراپىدا ئاتلارنىڭ ئىزى تۇرغانمىش، نېمە ئەھۋال بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن گۈل قىزنىڭ ئۆيىگە قارىسا، يەنىلا ئىشىكلەر ئۇلۇغ ئوچۇق بولۇپ، گۈل قىز يوق ئىمىش، ئېرى ئۆز ھۇجرىسىدا قاتتىق ئۇخلاۋاتقانمىش، ئەتراپىدىكى ھەممە جانلىقلارمۇ ئۇيقۇدا ئىمىش. شۇنىڭ بىلەن پالچىلار پال سېلىپ كۆرۈپ: «گۈل قىز بىر ساندۇق ئىچىدە يەنىلا ئۇخلاۋېتىپتۇ. دۆلەتمەن بىر ئادەم ئەتراپىغا نۇرغۇن شاملارنى يېقىپ قويۇپ، ساندۇققا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ قورغىنىدا ئادەملەر ناھايىتى كۆپ، توي بولۇۋاتقاندەك تۇرىدۇ. گۈل قىز خەتەر ئىچىدە قاپتۇ. قانداقلا قىلساق بىز ئۇنى ئۇيقۇدىن ئويغانغىچە قايتۇرۇپ ئەكىلىشىمىز كېرەك. تېزرەك ماڭايلى: ئەر باشلىقىمىز ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ قالسا ئۇنىڭغىمۇ يۈز كېلەلمەي قالىمىز» دېيىشىپتۇ-دە، ئاتلىرىغا مىنىپ، موڭغۇللارنىڭ كەلگەن ئىزى بىلەن مېڭىپ موڭغۇللارنىڭ شەھىرىگە كىرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا توي بولۇۋاتقانىكەن. ھەر تەرەپتىن كەلگەن

مېھمانلار كىرىپ- چىقىپ تۇرغانىكەن. تۆمۈرچى، ياغاچچى-
لار موگغۇللارنىڭ باي- ئەمەلدارلىرى سىياقىدا ياسىنىپ،
مېھمانلار قاتارىدا ئوردىغا كىرىپتۇ ۋە ھەر ئون قەدەمدە
تۆتتىن پالۋاننى قويۇپ ئىچكىرىلەپ مېڭىۋېرىپتۇ. پادىشاھ
ئۆز ھۇجرىسىدا ساندۇقنىڭ ئەتراپىدا بىر نەچچە ئىشەنچ-
لىك ئادەملىرى بىلەن شام يورۇقىدا ئولتۇرغانىكەن. باتۇر-
لار بىرلا ۋاقىتتا بارلىق شاماللارنى بىراقلا ئۆچۈرۈپ
تاشلاپ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ساندۇقنى بىر- بىرىگە
سۇنۇپ ئاتلىرىغا ئارتىپ تېزلىك بىلەن ئۆزىنىڭ قورغانىغا
قايتىپتۇ. ئۇلار گۈل قىزنى ئۆزىنىڭ قەسىر- قورغانىغا
ئېلىپ كېلىپ ئۆز ھۇجرىسىغا ئاستا ياتقۇزۇپتۇ- دە، قورغان
دەرۋازىلىرىنى مەھكەم بېكىتىپ ھەممە ئەتراپقا قوراللىق
قوروقچىلارنى قويۇپتۇ. گۈل قىزنىڭ ئويغىنىشىغا ئاز قال-
غاندا، ئۇلار مۆكۈشۈپ سۇلايمان قالپاقلىرىنى كىيىپ ئولتۇ-
رۇپتۇ. گۈل قىز بىلەن كەنجى يىگىت ئىلگىرى- كېيىن
بولۇپ ئويغىنىپتۇ ۋە بىر- بىرىدىن ھال سورىشىپتۇ.
كۆرگەن چۈشلىرىنى بىر- بىرىگە ئېيتىشىپتۇ. گۈل قىز:

— قىزىق! كۆرگەن چۈشۈم خۇددى ئويغۇمدىكىدە-
كلا تۇيۇلۇۋاتىدۇ. تۇيۇقسىزلا قالماق پادىشاھىنىڭ ئادەم-
لىرى كېلىپ مېنى ئېلىپ قېچىپتۇدەكمىش، ئۇلار بەك
كۆپ ئىمىش. ئۇلارنىڭ ۋاراڭ- چۇرۇڭلىرىدىن قۇلاقلىرىم
يېرىلىپ كېتەي دەپ قاپتۇدەك ۋارقىرىماقچى بوپتىمەنۇ،
لېكىن گېلىم بوغۇلۇپ ئۈنۈم پەقەتلا چىقمىغۇدەك، بۇ
ئاتلىق بۇلاڭچىلار ناھايىتى تېزلىكتە مېنى ئېگىز سېپىل
بىلەن قورشالغان بىر يەرگە ئەكىلىپ تاشلاپتۇدەك. پادى-
شاھ مېنى توي قىلىپ ئەمرىگە ئالماقچى بوپتۇمىش. مەن
ئۇ يەردىن قېچىپ چىقىمەن دەپ ھەرقانچە قىلسامۇ،
ئۇلار مېنى تۇتۇۋېلىپ ھەرگىز قاچالمىغۇدەكمەن.
شۇنداق قىلىپ چېپىپ يۈرۈپ ھېرىپ كېتىپتىمەن. ئويغان-
سام ئورنۇمدا يېتىپتىمەن. بۇ مېنىڭ چۈشۈم ئىكەن ئەمەس-
مۇ؟ — دەپتۇ. ئاندىن كەنجى يىگىت ئۆز چۈشىنى دەپتۇ:

— توۋا، ئىككىمىزنىڭ كۆرگەن چۈشى مۇنداقمۇ
ئوخشاش بولامدۇ! ئوخلاش بىلەنلا چۈش كۆرۈشكە باش-
لاپتىمەن. قانداقتۇر نامەلۇم ئادەملەر ئاتلىق كېلىپ بۇ
ئوردىمىزنى قاپلاپ كېتىپتۇدەك، كۆز ئالدىمدىلا سىزنى
گىلەمگە يۆگەپ ئېلىپ قاچقانمىش. غەزەپكە كېلىپ دۈل-
دۈلنى مىنىپ ئارقىدىن ئۇلارنى يالغۇز قوغلاپتىمەن.
ھەرگىز يېتەلمىگۈدەكمەن. ئاخىر بۇ ئادەملەر مۇستەھكەم
بىر قورغاننىڭ ئىچىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولۇپ،
قورغان دەرۋازىسى پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتىپتۇمىش.
ئىلاجىسىز مەن قورغاننى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېرىپ،
ئۇسساپ كېتىپتىمەن. بىر ۋاقىتتا قاياقتىندۇر ناھايىتى
نۇرغۇن ياراق تۇتقان ئادەملەر كېلىپ ماڭا ياردەم قىلىپ
قورغانغا ھۇجۇم قىلدى. قورغاننى بۇزۇپ ئىچىگە
كىردۇق. ئەتراپتا جەڭ بولۇۋاتسا مەن سىزنىلا ئىزدەۋات-
قۇدەكمەن. ۋارقىرىساممۇ ئاۋازىم ھېچ يەرگە يەتمىگۈ-
دەك. شۇنداق قىلىپ بىر ئۆيدىن كۆپ قىزلار ئىچىدىن
سىزنى تاپتىمدە ئەرەنچە كىيىندۈرۈپ، جەڭ مەيدانىدىن
قاچقانچە ئۇدۇل ئۆيىمىزگە ئېلىپ كەپتىمىشمەن، ئويغىنىپ
قارىسام بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشۈم ئىكەن.

بۇ گەپلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان سادىق
دوستلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ- دە، ھەممىسى
سۇلايمان قالپاقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، بىر- بىرلەپ ئۆزىنى
ئاشكارىلاپتۇ. بۇ ئەر- خوتۇنلار ھەيران بولۇپ قاپتۇ. بۇ
دوستلار:

— ئېيتمىساق بولمايدۇ. بۇ سىلەرنىڭ چۈشۈڭلار
ئەمەس، ئوڭۇڭلار، راستىنلا گۈل قىز پەرىنى موڭغۇل چا-
پارمەنلىرى ئېلىپ قاچقان. بىز دەرھال بۇ جايدا ھازىر
بولدۇق ۋە قوغلاپ بېرىپ ھىيلە ئىشلىتىپ ئۇرۇش قىلما-
يلا ئېلىپ كەلدۇق. بۇ ئىشلار گۈل پەرىنىڭ ئۇخلاۋاتقان
ۋاقتىدىلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ بولدى.
ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن چىلىڭ بولايلى، — دېيىشىپتۇ.
شۇنداق قىلىپ تۆمۈرچى، ياغاچچى، پالچىلار ئۆز جايلىرىغا
قايتىشقا ئىجازەت سوراپتۇ ۋە بۇ بىر جۈپ ئەر- خوتۇنلار-
غا خاتىرجەملىك تىلەپتۇ، شۇنداق قىلىپ ھەممە جاھان تىنچ
بوپتۇ. گۈل قىز پەرى بىلەن كەنجى يىگىت بايلىققا تولغان
ھەشەمەتلىك ماكاندا مەقسەت- مۇرادىغا يېتىپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ھاشىم ھېلىم، 81 ياش، چالا ساۋات،
غۇلجا ناھيەسىدىن.

توپلىغۇچى: زەينەپ ھاشىم، ئايال، 49 ياش، ئالىي مەكتەپ
پۈتكۈزگەن، شىنجاڭ سەنئەت ئىنستىتۇتى ئوقۇتقۇچىسى.

ئۇرۇمچى تەڭرىتاغ رايونلۇق خەلق چۆچەكلىرى توپلىمىدىن
تەييارلاندى.

تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# خەلقىمىزنىڭ قىزىقارلىق ئويۇنلىرى

سابىرجان سېيىت

## چېچەك مەشرىپى ئويۇنى

چېچەك مەشرىپى ئويۇنى — ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ئەنئەنىۋى، ئىشتىن سىرتقى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى. چېچەك مەشرىپى ئويۇنى كونا يىلنى ئۇزىتىپ يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش، باھار پەسلىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا ئۈرۈكلۈك باغدا ئۆتكۈزۈلىدۇ، مەشرەپ بەرگۈچى ساھىبخانا مەشرەپ ئەھلىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ياخشى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چامىسىنىڭ يېتىشىچە داستىخان تەييارلايدۇ ۋە دوستلىرىنى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى چاقىرىپ ئويۇن ئوينايدۇ.

چېچەك مەشرىپى ئويۇنى — بىر - بىرى بىلەن سىرداشلىشىش، چۈشىنىش، دوستلۇقنى كۈچەيتىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىشتىكى ناھايىتى ياخشى سورۇن بولۇپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي مەزمۇنلار، لىرىكىلىق، ھېسسىياتقا باي، نەپىس ھەرىكەت شەكىللىرى مەركەزلەشكەن بولىدۇ. چېچەك مەشرىپى ئويۇنى، سىرداشلىشىش، بېيىت ئېيتىشىش ناخشا ئېيتىشىش، ئۇسسۇل ئويناش، قىزىقچىلىق قىلىشتەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. مەسىلەن، ئىككى كىشى مۇنداق دېيىشىپ سۆز ئويۇنىنى باشلايدۇ.

ئاڭلىغاندىن كۆرگەن ياخشى
يىغلىغاندىن كۈلگەن ياخشى
بىلمىگەندىن بىلگەن ياخشى
مەنىسىز ياشىغاندىن ئۆلگەن ياخشى
ئەلسىز سۈرگەن ھۇزۇرۇڭدىن
ئەل ئوتىدا كۆيگىنىڭ ياخشى
ئۆزگە يۇرتتا شاھ بولغۇچە
ئۆز يۇرتىنى سۆيگەن ياخشى
گادايلىقتىن بايلىق ياخشى
پىيادىدىن ئاتلىق ياخشى
خاپىلىقتىن شادلىق ياخشى
پايدا ئالغان يالغىنىڭدىن
زىيان تارتقان راستىمۇ ياخشى
ئاڭلاپ ئەمەل قىلمىغاندىن
ئاڭلىمىغان گاسمۇ ياخشى

ئۇرالمىغان دەل توپاڭدىن
ئەپلىك چىققان پاسمۇ ياخشى
ئۇنى ــ چىقماس داپ دۇتاردىن
داراڭلىغان داس ياخشى
مىننىتى بار زىباپەتتىن
قۇرۇق ئىچكەن ئاشمۇ ياخشى
باشقىلارنىڭ گۆھىرىدىن
ئىلكىڭدىكى تاشمۇ ياخشى
تەپكەك قىرى ئارغىماقتىن
خۇيى ياخشى ئارغىماق ياخشى
يورۇتمىغان چىرىغىڭدىن
ئاسماندىكى ئايمۇ ياخشى
ئەندىش بىلەن يېگەن ئاشتىن
غەمسىز ئىچكەن چاي ياخشى
چاچ ئال دېسە باش ئالغاندىن
توسۇۋالغان ھايمۇ ياخشى
تولغانغۇچە پۇشايماندىن
ئۆز-ئۆزىنى سورىغان ياخشى
قىل ئالغۇچە پىتىر مانتىدىن
سېخىيلارنى دورىغان ياخشى
نېمە-نېمىدىن قورقىدۇ؟
جاراھەت يود دىن قورقىدۇ
كۆزى ئاجىز يورۇقتىن قورقىدۇ
شوپۇر خوتتىن قورقىدۇ
ھېسابچى چوتتىن قورقىدۇ
چاشقان مۇشۇكتىن قورقىدۇ
پىل تۆشۈكتىن قورقىدۇ
ئەما گاستىن قورقىدۇ
يالغان راستىن قورقىدۇ،
ئېغىر ئىش غەيرەتتىن قورقىدۇ،
تۈلكە قاپقاندىن قورقىدۇ،
لايغەزەل چاققاندىن قورقىدۇ ،
سوغۇر قىشتىن قورقىدۇ،
ھۇرۇن ئىشتىن قورقىدۇ،
سوغۇق ئوتتۇندىن قورقىدۇ،
ئۆزى بوشاڭ خوتۇندىن قورقىدۇ،
كەكلىك تۇزاقتىن قورقىدۇ،
تەقۋادار دوزاختىن قورقىدۇ،
جىن باخشىدىن قورقىدۇ،
باخشى ياخشىدىن قورقىدۇ،
قامغاق بوراندىن قورقىدۇ،
يانغاق داۋاندىن قورقىدۇ،
پۇل تۆتقان يەپ قويۇشتىن قورقىدۇ،
ئوغرى دەپ قويۇشتىن قورقىدۇ،
زالىم ئالىمدىن قورقىدۇ،
بىلىملىك ئاداۋەتتىن قورقىدۇ،
كىلە كۆلدىن قورقىدۇ،
پاقا چۆلدىن قورقىدۇ،

دەپ مۇشۇنداق سۆز ئويۇنلىرىنى ئويناش ئارقىلىق چېچەك مەشرىپىدىكى مەشرەپ ئەھلىنىڭ مەشرەپ ئىنتىزامىغا رىئايە قىلغان ھالدا خىلمۇخىل شەكىلدىكى ئويۇنلارغا تولۇق ۋە قىزغىن قاتنىشىشى ئاساس قىلىنىدۇ.

مەشرەپ سورۇنىنىڭ تېخىمۇ قىزغىن كەيپىياتقا كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئەتەي بىر-بىرىنى خاتالاشتۇرۇپ، ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلدۇرۇپ، مەشرەپ ئەھلىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن جازاغا تارتىپ، ھەر خىل ئويۇن كۆرسىتىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى خاتالاشقان كىشىگە ئارتىدۇ، شۇنداقلا سورۇندا مەشرەپ قائىدىلىرىگە يات ھەرقانداق ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى كىم بايقىسا ئۇنىڭغا جازا بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقوقى بولىدۇ. مەسىلەن، «دەررە ئۇرۇش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش»، «سامسا يېقىش»، «سۇرەتكە تارتىش»، «دەررىگە بېسىش» قاتارلىق قىزىق كومېدىيەلىك ھەم دىراماتىك تۈس ئالغان ئويۇنلارنى ئوينايدۇ، بۇ ئويۇنلار تولىمۇ قىزىق، تولىمۇ كۈلكىلىك بولۇپ، بەزى جازا ھەرىكەتلىرى قويۇق تەنتەربىيە تۈسنى ئالغان بولىدۇ، مەشرەپ سورۇنىدا مەشرەپ ئىشتىراكچىلىرى ھوقۇقتا باراۋەر بولۇپ، يۇقىرىدىكى جازالارنىڭ بىرەرى بىلەن جازالاشقا توغرا كەلسە، ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. «چېچەك» بايرىمىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەر ھەمدە ئۇنىڭغا بېغىشلانغان، «چېچەكنامە»لەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قىش ــ زىمىستاننى قوغلاش، ئاسايىشلىق يېڭى باھارنى كۈتۈۋېلىش، يېڭى يىلنىڭ يېڭىچە خۇشاللىق ئەكىلىشنى تىلەش، يېشىللىققا پۈركەنگەن تەبىئەتنى كۈيلەش، كىشىلەرنى ئىلىم-مەرىپەتكە ئۈندەش، ئىتتىپاق ۋە ئىناقلىقنى تەشەببۇس قىلىش، ساخاۋەتلىك ۋە دىيانەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولۇش قاتارلىق ئىلغار ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئەكس ئېتتىلىدۇ.

مەسلەن، ئىنترا قىلدۇق نورۇزدىن ياخشى كۈننى باشلىدۇق،
كۆڭلىمىزنىڭ خۇشلۇقىدىن بىز ئويۇننى باشلىدۇق،
شاتىۋادا تون كىيىپ، جۇۋا ـ تۇماقنى تاشلىدۇق،
سايىلەردە ئولتۇرۇپ، نەغمە ـ ناۋانى باشلىدۇق،
ئات مىنىپ، ئوغلاق ئالىپ، مەشرەپ قىلۇر كۈندۇزى بۇگۈن.

كەلدى نورۇز يىل بېشى، كەتتى كۆڭۈلنىڭ چىركىنى،
نورۇز دىبان كىلۇرلەر خاتۇنلارنىڭ تۇركنى،
گۈللەر قىسار قىز ـ ئوغۇل، ئەگرى قويار بۆركنى،
مەجلىس قىلىپ ئويناشۇر، ئاچۇر كۆڭۈل مۇلكنى.
قايغۇ ـ مېھنەتلەر كېتىپ ئويناشۇر كۈندۇزى بۇگۈن،
مەشرەپتە باشتىن ـ ئاخىر، كۈلكە ـ چاقچاقلار ئۈزۈلمەيدۇ، مەشرەپ ئاخىرلاشقاندا، كېيىنكى مەشرەپ كۈنى ئورنىنى بەلگىلىشىپ قايتىشىدۇ.

## ئۆرۈك مەشرىپى ئويۇنى

ئۆرۈك مەشرىپى ئويۇنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۇزاق يىللاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن تۇنجى ئۆرۈك پىشىقىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان، ئەنئەنىۋى مەشرەپلەرنىڭ بىرى بولۇپ بۇ مەشرەپتە تەبىئەتنى كۈيلەش، تەبىئەتنى سۆيۈش، گۈل ـ چېچەكلىرىنىڭ مەنزىرىسىدىن ھۇزۇر ئېلىش، يازنىڭ تۇنجى مېۋىسىگە ئېغىز تېگىپ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى كۆرۈش، يازلىق ئورمىغا سەپەرۋەر قىلىش ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر خىل ئالاھىدە مەنىگە ئىگە ئەھمىيەتلىك بىر خىل مەشرەپتۇر.

بۇ مەشرەپتە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تائام مەدەنىيىتى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئالاھىدىلىكى، ئۆم ـ ئىناقلىق، ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ، بۇ مەشرەپ يىلدا پەقەت بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا، بۇ مەشرەپكە بىر يىل تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىرەر يۇرتتىكى كەڭرى بولغان ئۆرۈكلۈك باغ تەييار قىلىنىدۇ، شۇ يىلى ئەتىياز بۇ باغقا سورۇن شەكىل تۇسىدە گۈل ـ گىياھلار تېرىلىپ ياخشى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرۈلىدۇ، كىشىلەر باغنىڭ پەرۋىشىنى ياخشى قىلىپ ئۆرۈكنى بۇلۇق ھالەتتە يېتىشتۈرىدۇ، ئۆرۈك پىشىپ تۆكۈلگەن چاغدا مەشرەپ كۈنى بەلگىلىنىدۇ، بۇ مەشرەپ يۇرت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغاچقا چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن خەۋەر تاپىدۇ ھەمدە مەشرەپ ئۆتكۈزۈلىدىغان باغنىڭ پىشقان ئۆرۈكى، ئۆرۈك گۈلىسى، ئۆرۈك مېغىزىدىن ئېتىلگەن تىزىق، ئۆرۈك تولۇك غورىسى، ئالا بوغان ئۆرۈك، ئۆرۈك قېقى، ئۆرۈك مۇراببىسى، چۆلە سۈيى، ئۆرۈك مېغىز تالقىنى قاتارلىق مەشرەپنىڭ ئالاھىدە تائامى تەييار قىلىنىدۇ، مەشرەپ ئەھلى تولۇق يىغىلغاندىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ، ئالدى بىلەن داستىخانغا يۇقىرىدا تەييارلانغان ئالاھىدە تائاملار رەت تەرتىپى بويىچە تىزىلىدۇ، مېھمانلار ئۆز تەرتىپى بويىچە داستىخاندا ئولتۇرۇپ ئالدى بىلەن ئۆرۈكلەرگە ئېغىز تېگىدۇ، بۇ جەرياندا ئالدىنقى بىر يىللىق مەشرەپ ئۆتكۈزۈلگەندىن بۇيانقى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى، ئاشلىق، پاختا، چارۋىچىلىق، باغ ـ ئورمانچىلىق، سەي ـ كۆكتات، كىرىم ئەھۋالى ھەققىدە توپلانغان تەجرىبىلەر تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. كىرىم ـ چىقىم خۇلاسە قىلىنىپ شۇ يۇرتنىڭ شۇ يىلدىكى پىلان تەسەۋۋۇرلىرى، كۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋاللىرى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىنىدۇ، بېيىش ماھىرلىرى تەجرىبە تونۇشتۇرىدۇ، كەلگۈسى نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئۈستىدە قىزغىن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ، ھەمدە يازلىق ئورامنىڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، ھەممە كىشىنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يازلىق ئاشلىقنى مول پېتى يىغىۋېلىپ خاتىرجەم بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ، مانا بۇ ئۆرۈك مەشرىپى باشلىنىش ئالدىدىكى بىر ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك.

مەشرەپ سازەندىلەرنىڭ مول ھوسۇل ناخشىسىنى ئورۇنلىشى بىلەن باشلىنىدۇ، بۇنىڭغا ئۇلىنىپ مۇقام ئورۇنلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە چايچى يىگىتلەر چاي ئورنىغا يوغان بىر سېۋەتتە پىشقان ئۆرۈكلەرنى مېھمانلارغا تۇتىدۇ ۋە كېتىپ بېرىپ ئويۇن كۈلكە چىقىرىپ مەشرەپنى قىزىتىدۇ.

بۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق بولىدۇ، ئۆرۈك تۇتقۇچى قىزچاقلار ئۆرۈك تۇتقاندا ئۆرۈكنى ئۆرۈك ئۇچكىسى بىلەن يەۋېلىپ «مەن ئۆرۈك يېمىدىم مەن ئۆرۈك يېمىدىم» دەپ قىزىقچىلىق قول ئىشارەتلىرىنى قىلىشىدۇ، نەغمىدىن كېيىن بۇ ئىككى قىزىقچىنى سورۇنغا تارتىپ ئېلىپ چىقىپ مەشرەپ قائىدىسى بويىچە بىر ـ بىرى بىلەن

قىزىقچىلىق قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ، بىرسى قوپۇپ يەنە بىرسى-
گە قاراپ قول ئىشارىتى بىلەن سۆز تاشلاپ مۇنداق سۆز
ئويۇنى باشلايدۇ:

قېرى قورۇقتا يېقىن،
پالاكەت ئۇرۇقتا يېقىن،
بەتنىيەت ئورنىغا يېقىن،
كېسەلمەن دورىغا يېقىن،
قارائىغۇ يورۇقتا يېقىن،
قەلەندەر چورۇقتا يېقىن،
ئەتكەن چاي كورىغا يېقىن،
كىگىز بورىغا يېقىن،
ئىس مورىغا يېقىن،
ئوغرى شورىغا يېقىن،
ناخشا داپقا يېقىن،
كۇسا كىشى بۇرۇتقا يېقىن،
موللام دۇرۇتقا يېقىن،
بارالى تالغا يېقىن،
كەمپىر چالغا يېقىن،
ئاچ قورساق نانغا يېقىن،
قېرى جانغا يېقىن،
توغرا سۆز تۆرگە يېقىن،
ھەسەتخور گۆرگە يېقىن،
ئۇستىرا كاپقا يېقىن،
پارىخور ھاپقا يېقىن،
تېرىق تۇلۇمغا يېقىن،
يېتىم بۇلۇڭغا يېقىن،

دېگەندەك بىر قاتار قىزىقچىلىق ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىپ مەشرەپنى قىزىتىدۇ، مەشرەپ شۇ تەرتىپتە بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىشىپ داۋاملىشىدۇ، ھەر بىر كىشى ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ، مەشرەپ قائىدىسىنى بۇزغان، مەشرەپتە ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرگەن، مەشرەپتە تېلېفون بېرىپ باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقان كىشىلەر شۇ جايدىلا تېلېفون بىلەن سۆزلىشىش جازاسى بېرىلىدۇ، بۇ مۇنداق سورۇندا تېلېفون بەرگەن كىشىنىڭ بوينىغا سىم تارتۇق دەپ ئون مېتىر ئەتراپىدىكى ئۇزۇن خالتا بوينىغا كىيىم ئىچىگە پەم بىلەن كىرگۈزۈلىدۇ، قولىغا تېلېفون تۇتقۇزۇلۇپ سۆزلىشىشكە بۇيرۇلۇپ تېلېفوندا سۆزلىشىش ۋاقتى بېرىلىدۇ، كىيىم ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن خالتىنىڭ يەنە بىر



ئۇچى ئېگىز دەرەخ ئۈستىگە تارتىلىپ يۇقىرىقى ئۇچىدىن بىر چېلەك سۇ نوگاي بىلەن ئاستا قۇيۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خالتىدىن كەلگەن سۇ ئۇنىڭ ئىچىگە قۇيۇلىدۇ، ئولتۇرغان يېرى سۇ بىلەن لەيلەيدۇ. شەرت ئۇ ئورنىدىن تۇرماسلىق، كۆزنى ئاچماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ، مەشرەپ جەريانىدا بۇنداق ئويۇنلاردىن نەچچىسى ئوينىلىدۇ، مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار چوقۇم مەشرەپ قائىدىسى بويىچە ئويۇن كۆرسىتىشى جازالانغۇچىلار ئويۇن كۆرسىتىشنى رەت قىلسا چوقۇم بىر قېتىملىق مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇپ ھەققىنى ئوتتۇرىغا تاشلاپ ئەپۇ سورىشى لازىم.

مەشرەپ شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىپ ئۆرۈكلۈك باغ قىلغانلارنىڭ ھۆرمىتى تىللاردا داستان قىلىنىدۇ، باشقىلار-نىمۇ باغ ئەھيا قىلىشقا ئۈندەيدۇ، مەشرەپ داۋامىدا مەشرەپ سورۇنى ئۇيۇشتۇرغان باغۋەنگە تون كىيدۈرۈلۈپ ئۇنىڭ ھۆرمىتى قىلىنىدۇ، مەشرەپنىڭ تۈگىشىگە ئەگىشىپ مەشرەپ تامىقىمۇ تەييار قىلىنىدۇ، مەشرەپنىڭ بۇ كۈندىكى تامىقى ئۆرۈك مەشرىپىنىڭ نامى بويىچە غورا سۇيۇقئېشى، غورا لەغمىنى، غورا سالغان پولو قاتارلىق تائاملار تەييار قىلىنىپ رەت تەرتىپى بويىچە ئېلىپ كېلىنىدۇ. باشتىن-ئاخىر ئۆرۈك بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بۇ مەشرەپ كىشىلەرنىڭ «بېغى بارنىڭ تېغى بار» دېگەن ئىدىيەنى ئېلگىرى سۈرىدۇ، مەشرەپ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن شۇ يىلدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن باغۋەنلەر تارتۇقلىنىدۇ، مەشرەپ ئاخىرىسىدا چېلىشىش ئۇيۇشتۇرۇلۇپ ياش پالۋانلار ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ، شۇ قېتىملىق مەشرەپ بىلەن تەڭ يازلىق ئورام باشلىنىپ كېتىدۇ، بۇ مەشرەپ يېڭىشەھەر، يېڭىسار، ناھىيەلىرىدە بىر قەدەر ئومۇملاشقان.

M I R A S

www.uyghurkitap.com



## باغ مەشرىپى ئويۇنى

باغ مەشرىپى ئويۇنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قەدىمدىن بۇيان ئوينىلىپ كېلىۋاتقان قىزىقارلىق كۆڭۈل ئېچىش تۇرىدىكى، ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئالاھىدە بىر تۇرلۇك مەشرەپ ئويۇنى بولۇپ بۇ مەشرەپتە ئاساسەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىناق - ئىتتىپاقلىقى، دوستانىلىقى، مېھماندوستلۇقى، باغ مەدەنىيىتى، چاي مەدەنىيىتى، چايخۇمارلىقى، مەردۇ مەردانىلىقى ئالاھىدە ئىپادىلەنگەن.

باغ مەشرىپى ئاساسەن يېزا- بازارلاردىكى كەڭ باغلاردا ئوينىلىدىغان مەشرەپ بولۇپ ھەرقانداق ۋاقىتتا ئويناشقا بولىدۇ، مەشرەپ ئوينىغۇچىلار باشقا مەشرەپلەردەك قارلىق تاشلاش ئۇسۇلى، چەك تاشلاش ئۇسۇلى، ياكى نۆۋەتلەشتۇرۇپ ئويناش ئۇسۇلى بويىچە ئېلىپ بېرىلماستىن بەلكى شۇ يېزىدىكى بىرەر باغۋەن ياكى بىرەر مۆتىۋەر كىشى تەرىپىدىن ئۇشتۇمتۇتلا ئويۇشتۇرۇلىدىغان بىر خىل قىزىقچىلىق تىپىدىكى مەشرەپ بولۇپ باغ ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ بېغىنىڭ نامىنى چىقىرىش ياكى باغ مېۋىسىنىڭ خېرىدارلىرىنى كۆپەيتىش، باغدىكى مېۋىلىرىنى باشقىلارغا كۆرسىتىش مەقسىتىدە مەلۇم پەيتنى يەنى باغدا مېۋىلەر تولۇق پىشقان پۇرسەتتە مەشرەپ ئۆتكۈزىدۇ. باغ مەشرىپى ئويۇنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن مەشرەپتە بولسا باغ ئىگىسى شۇ كۈندىكى باغنىڭ مېۋىسىدىن ھەقسىز تويغۇچە يېگۈزىدۇ. بىرەر قوي سويۇپ، پولو ئېتىپ چاي ۋە تاماق بىلەن ھەقسىز تەمىنلىنىدۇ. سازەندە، قىزىقچى، ئۇسسۇلچىلارغا ئالدىن خەۋەر قىلىنىپ مەشرەپكە تەكلىپ قىلىنىدۇ، يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر مەشرەپتىن بىر كۈن بۇرۇن مەشرەپتىن خەۋەر تاپقۇزۇلىدۇ، مەلۇم بايلار ياكى يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە مۆتىۋەر كىشىلەر تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ بېرىلسە، بۇ چاغدا باغنىڭ مېۋىسى ھەقسىز بولماستىن مەشرەپ ئۇتكۈزۈپ بەرگۈچى بىر كۈنلۈك باغ مېۋىسىگە ئازدۇر- كۆپتۇر ئاتىغىنىنى تۆلەيدۇ، بۇنىڭدىن باغۋەنمۇ ۋە باشقىلارمۇ خۇشال بولىدۇ. باغ مەشرىپى ئويۇنى سەھەردە باشلىنىپ كەچكىچە داۋاملىشىدۇ. بۇ جەرياندا مەشرەپ ئەھلى قاراچاي، ناۋات چاي، زەپە چاي، قىزىل چاي قىزىلگۈل چېيى، پەملچاي، چېچەك چاي، دورا چاي قاتارلىق 30 خىلدىن ئارتۇق چايغا ئېغىز تېگىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت ئۇيغۇرلارنىڭ چاي مەدەنىيىتنى تەشۋىق قىلىش بىلەن بىللە ھەر بىر تەمدىكى چاي ئىچىلگەندە بىر خىل قىزىقارلىق نومۇر كۆرسىتىلىپ، بۇ خىل ئۆزگىچە مەشرەپنىڭ ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىنىدۇ.

بۇ مەشرەپتە مەشرەپ بېگى، پاششاپ، يىگىتبېشى، جازا ئىجرا قىلغۇچى، رىياسەتچى، مىرشاپ دېگەنلەر تەيىنلەنمەيدۇ، پەقەت باغۋەن ھەممىنى يۇرۇشتۇرۇپ كېتىدۇ، باغۋەن قىزىقچىلىق قىلىپ چاي تۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن مەشرەپنى باشلايدۇ، مەشرەپ ئەھلىگە تۇنجى قېتىم ناۋات چاينى تۇتقاندا مەشرەپنى نەغمە بىلەن باشلىغۇسى بولسا چاينى ئەڭ ئاۋۋال نەغمىچىلەرگە تۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارنى مەيدانغا تەكلىپ قىلىدۇ. چايچى يىگىت ھەر قېتىم چاي تۇتقاندا ئۆزى خالىغان كىشىگە چاي تۇتۇش ئارقىلىق ئۇلارنى مەيدانغا تەكلىپ قىلىدۇ. تەكلىپ قىلىنغان كىشى مەيدانغا چۈشكىلى ئۇنىمىسا ياكى ئۇنىڭ تەكلىپنى رەت قىلسا چوقۇم كېيىنكى نۆۋەتلىك مەشرەپنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. بۇ مەشرەپتىمۇ باشقا مەشرەپلەرگە ئوخشاش جازا ئويۇنى ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەركىمنىڭ قانداق ماھارىتى بولسا ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ، مەشرەپكە قاتناشقۇچىلار ئۆزلۈكىدىن ياخشى بىر كوللېكتىپقا ئايلىنىدۇ. مەشرەپ جەريانىدا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، شۇ ئەتراپتىكى دوختۇرخانىلاردا يېتىپ قالغان كېسەللەرنى پۇل يىغىش قىلىپ يوقلايدۇ ياكى ئاجىز، يېتىم - يېسىرلاردىن ھال سوراش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ بىر خىل مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەشرەپ جەريانىدا يولدىن ئۆتكەن- كەچكەنلەرنى شۇ كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ھەقسىز تاماق مېۋە، چاي بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن باغ مەشرەپ ئويۇنىنىڭ تەشۋىقاتىمۇ ياخشى ئىشلىنىدۇ يەنە قاچان مەشرەپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات ئىگىلەيدۇ، ھازىر بۇ خىل مەشرەپ، ھەر قايسى يېزا - بازارلاردىكى پېنسىيەگە، دەم ئېلىشقا چىققان پېشقەدەم كادىرلارنىڭ ئوينايدىغان، ياخشى كۆڭۈل ئاچىدىغان سورۇنى بولۇپ قالدى، شۇڭا بۇ خىلدىكى ئەھمىيەتلىك مەشرەپلەرنى جانلاندۇرۇش ۋە قوغداش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر.

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيەلىك رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە)



# موللاتوختىيۇزى ھەققىدە

## جامالىدىن جالالىدىن

غۇلجا ناھىيەسىگە قاراشلىق موللاتوختىيۇزى يېزىسى ئىلى تەۋەسىدىكى «يۇز»لۇك نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان گۈزەل سەھرالارنىڭ بىرى. مەزكۇر يېزا ھەققىدە گەپ بولغاندا كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يۇرتتا ياشاپ ئۆتكەن قوشاقچى، ناخشىچى كېلىدۇ. ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپلا رايونىمىزدىكى خېلى كۆپلىگەن كوچا، مەھەللە، يۇرتلارنىڭ ناملىرى شۇ يەرلەردە ياشاپ ئۆتكەن نامدار تارىخىي شەخسلەر، تۇرلۇك ھۈنەر-كەسىپ ئاتالغۇلىرى، ھۈنەرۋەن ئۇستىلار، شۇ يۇرتنىڭ بىنا بولۇشى، تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن مۆتىۋەر زاتلار، يادىكار خاراكتېرلىك ئىمارەت قاتارلىقلارنىڭ ناملار بىلەن سىمۋول خاراكتېرلىك ھالدا باغلىنىپ شۇ بويىچە ئاتىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، غۇلجا ناھىيەسىگە قاراشلىق قاش يېزىسىدىكى «قاش» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا «قاش» دېگەن نام ئافراسىياپنىڭ قىزى «قاز مەلىكى»نىڭ ئىسمىدىن كەلگەن. تاقىچىلار مەھەللىسى، ھېيتگاھ جامائەسى، تۇرپانلىقلار مەھەللىسى، مەشرەپباي كوچىسى، ھاخى بولۇس مەھەللىسى قاتارلىقلار بۇ ھەقتىكى مىساللىرىدۇر. تارىخىي خاسلىققا ئىگە يەر ناملىرى قاتارىدا موللا توختىيۇزىنىڭمۇ تارىخىي ھەققىدە ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىش يەر-جاي ناملىرى تەتقىقاتىدىكى ئېتنىكلىق قىممەتكە ئىگە خەيرلىك ئىشلارنىڭ بىرى. لېكىن ھازىرغا قەدەر موللا توختىيۇزى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا يازما ماتېرىياللار يوق دېيەرلىك بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. مەن بۇ ھەقتىكى بىر قىسىم ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئېرىشكەن ماتېرىياللىرىمنى كۆپچىلىكنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم.

### موللا توختىيۇزى نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى

موللاتوختىيۇزى يېزىسى جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىن تاغ ئالدى تىنما تۇزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ، غەرب تەرىپى جىلىلىيۇزى بازىرى، شەرق تەرىپى چۇلۇقاي يېزىسى، جەنۇبىي تەرىپى ئاق ئۆستەڭ، شىمالىي بىنەملىك بىلەن چېگرىلىنىدۇ. يەنى شەرقتىن غەربكە قارىتا خۇدىيار يۇزىدىن چۇلۇقايغا قەدەر داۋاملاشقان بىر بۆلەك ئاسفالت يول لىنىيەسى بويىدىكى خۇدىيارىيۇزى، جىلىلىيۇزى قاتارىدىكى «ئۈچ» يۇزلۇكنىڭ بىرى.

«مولتوختىيۇزى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى قاراشلاردىن مەلۇم بولۇشىچە موللاتوختى ئىسىملىك كىشى (بەزىلەر بۇ كىشى سىرتتىن كەلگەن دەپمۇ قارايدۇ)نىڭ نامى بىلەن دەسلەپتە «موللاتوختى مەھەللىسى» دەپ ئاتالغانىكەن. چىڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى 1760 - يىللاردىن باشلاپ، ئىلىدىكى ھەرقايسى يۇرتلارنى يۇزلۇك تۈزۈمى بويىچە ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن موللاتوختى دېگەن كىشى بۇ يۇرتقا يۇز بېگى بولۇپ سايلانغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەھەللە نامى ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن «موللاتوختىيۇزى» دەپ ئاتالغانىكەن.

موللاتوختىيۇزىدە ئولتۇرۇشلۇق ھاجى ئابدۇراخمان

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com



تۇرسۇن (1930 - يىلى تۇغۇلغان، ئايالى خانىم ھەدە قىزىل-بۇلاقلىق ئابدۇل ئىمام دېگەن كىشىنىڭ قىزى) ئاكىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ موللاتوختىيۇزىدە ئۆزىدىن باشلاپ تۇرسۇن (1900 - ، 1989)، ھاشىر (تەخمىنەن 1850 — 1940)، كۆچ-تۈگگۈر كىشى ئىكەن)، سادىر ھاجىم، چورۇق ھاجىم، كىچىك ھاجىم (ئەسلى ئىسمى شۇنداق قويۇلغانىكەن)، ئالتە ئەۋلاد ئاتا-بوۋىلىرى ياشاپ كەلگەن. دادىسى تۇر-سۇننىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى جاگخان (1900 — 1948) بولۇپ، جاگخان ياش تۈگەپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ مەريەم (1944 — 2012) ئىسىملىك ئايالنى نىكاھىغا ئالغان. تۇرسۇن دېھقانچىلىق قىلىش بىلەن بىللە، تېڭىقچى ھەم دوختۇرلۇقتىن خەۋىرى بار كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن يۇرت خەلقى ئۇنى «تۇرسۇن تېڭىقچى» دەپ ئاتىۋالغان.

شۇ دەۋرلەردە مەھەللىدىكى ئابدۇلباينىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپلىرىدا «جەمئىيەت باغ» دېگەن بىر باغ بولۇپ، بۇ باغنى قادىمكام (تەخمىنەن (1870 — 1950) دېگەن كىشى (ئابدۇراخمان تۇرسۇن، ئەمەت قاتارلىق كىشىلەرنى ئىشقا سېلىپ) ئۆكۈز ھارۋا بىلەن تاغدىن تاغ ئالمىسىنىڭ كۆچە-تىنى ئەكىلىپ تىكىپ، ئۆلاش ئارقىلىق تۈرلۈك ئالمىلار بار باغقا ئايلاندۇرغان. مەھەللە كىشىلىرى بۇ باغقا ئىختى-يارىي كىرىپ سايىداپ، ئالمىلارنى يەپ، ھاردۇق ئېلىپ كىرىپ-چىقىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن «جەمئىيەت باغ» دەپ ئاتىلىپ قالغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبلاخۇن «ئىبراھىم دېگەن كىشىنىڭ دادىسى) تۇرپانلىقنىڭ بېغى، ئىلى مۇھەم-مەدنىڭ بېغى قاتارلىق باغلار بولغان بولۇپ، بۇ باغلاردا ئارپا بىلەن تەڭ دېگۈدەك پىشىدىغان ئارپا ئالمىسى، موللاتوختىيۇزى ئالمىسى، تۇتسا قولغا قىزىلى چىقىدىغان مەشرەپ ئالمىسى قاتارلىق ئالمىلار بار كۆلەملەشكەن باغلار بەرپا قىلىنغان.

## موللاتوختىيۇزىدىكى مەھەللىلەر

موللاتوختىيۇزىدىكى تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق بولغان مەھەللىلەر موللاتوختىيۇزى مەھەللىسى، باراد مە-ھەللىسى ۋە ۋۇگۇڭدىن ئىبارەت بولۇپ، تۆۋەندە مەن بۇ مەھەللىلەر ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

1) موللاتوختى مەھەللىسى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكە-نىمدەك بۇ مەھەللە «موللاتوختى» دېگەن كىشى ئىسمە-دىن كەلگەن ئىكەن، بۇ مەھەللىدە جەمەك موللام، پازىل تاھىر، ئىمىنجان قاتارلىق مۇئەللىملەر ئۆتكەن.

2) بارات مەھەللىسى. بۇ نام بارات دېگەن كىشى ئىس-مىدىن كەلگەن بولۇپ ئەينى ۋاقىتلاردا بۇ مەھەللىگە بارات ئىسىملىك كىشى ئەللىكبېشى بولغان بولۇپ، بۇ «ئادەم بارات ئەللىكبېشى» دەپ ئاتالغان. بارات ئەللىكبېشى تەخ-مىنەن 1930 - يىللاردىن كېيىن ۋاپات بولغانىكەن.

بۇ مەھەللە تەۋەسىدە ئىلگىرى «قاتار تۈگمەن» نا-مىدا ئاتالغان بىر نەچچە تۈگمەنلەر بولۇپ، قاتار دېگۈ-دەك سېلىنغان بۇ تۈگمەنلەرنىڭ ئىگىلىرى پەمىل (رۇس مىللىتىدىن)، ھىمتاھاجى (شەھەرلىك نوغاي ئىكەن)، كې-رىمباي دېگەن كىشىلەر ئىكەن. قاتار تۈگمەنلەرنىڭ باش قىسمىدا جېلىلىيۇزى بەشكۆۋرۈكلۈك ئابدۇل دېگەن كىشى-نىڭ تۈگمىنى بولغان. 1978 - يىللىرى بۇ ئورۇنغا جىڭ-گوڭشې نامىدا ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىنىپ، بىر مەزگىل قاتار تۈگمەندىكى مەكتەپ دەپمۇ ئاتالغان، كېيىنكى يىل-لاردا بۇ مەكتەپ ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە قوشۇۋې-تىلگەن، 1980 - يىللىرىدىن تارتىپ بارات مەھەللىسى بىر مەزگىل «ئۇرۇقچىلىق» نامىدىمۇ ئاتالغان.

3. ۋۇگۇڭ، ۋۇگۇڭ جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەت-تىن قىزىل بۇلاق، قازانچى، جېلىلىيۇزى، موللاتوختىيۇزى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن چېگراداش بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە بۇ ئورۇن ھەققىدىمۇ ئوخشىمىغان ھەر خىل قاراشلارنى ئاڭلىدىم، ئىزدىنىپ كۆرۈشۈمچە ۋۇگۇڭ ھەققىدىكى نامغا مۇنداق تۆت خىل نۇقتىدىن ئىزاھات بې-رىلگەن.

1. موللاتوختىيۇزىنىڭ مەكتەپ تارىخى ھەققىدە يې-زىلغان ماتېرىيالدا ۋۇگۇڭنىڭ ئەسلى ئاتىلىشى «五工» بولۇپ، ئوقۇشۇمچە ئۇنىڭ مەنىسى «بەش خىل ئىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىكەن 1778 - يىلى شىنشى ئۆلكى-سىدىكى يېشىل تۇغلۇقلار قوشۇنى بۇ يەرگە كېلىپ بوز يەر ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلغاندىن كېيىن بۇ ئورۇننى «武功» دەپ ئاتىغان. بۇ نامنىڭ مەنىسى جانبازلىق، ئەلەم ماھارىتى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن، يۇقى-رىقى ماتېرىيالدا يەنە 1937 - يىلى يۇقىرىقى ۋۇگۇڭ كەنتى-دە ئىككى سىنىپ ئېچىلغان دېيىلگەن.

2. بەزىلەر «ۋۇگۇڭ» دېگەن نام ئىچكىرى ئۆلكە-دىكى بىر ئورۇننىڭ نامى بولۇپ، شۇ يەردىن كەلگەنلەر ئۆز يۇرتىنىڭ نامى بىلەن «ۋۇگۇڭ» دەپ ئاتىغان دەيدۇ.

3. يەنە بىر قاراشلاردا ئېيتىلىشىچە، بۇرۇنقى زامانلاردا

ۋۆگۆگدا يەرلىك كىشىلەر ۋە سىرت جايلاردىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر مانجۇ بايلىرىنىڭ قول ئاستىدا گۆلۈك ھېسابى بىلەن ئاي، پەسىل، يىلنى بىرلىك قىلغان ھالدا مال-چارۋىلىرىنى باقىدىكەن، يەرلىرىگە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيدىكەن. دېھقانچىلىق قىلىش ئۈچۈن غوجىدارلىرىدىن ئۇرۇق، قوش قاتارلىق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئۆتنە ئېلىش ھېسابىغا چىققان ھوسۇلغا تەڭ ئورتاق بولۇش دېگەندەك شەرتلەر ئاساسىدا تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. ئاشلىق ئوخشىمىغان يىللىرى تېرىقچىلار قەرزدار بولۇپمۇ قالىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكى ئىش نامىنى بىلدۈرىدىغان گۆلۈك نامى بىلەن ئاتالغانىكەن.

4. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ۋۆگۆلۈك دېگەن بۇ نامنى ئىلى تەۋەسىدىكى سەنگۆلۈك (قورغاس ناھىيەسىدە)، خالىڭ گۆلۈك (ھازىرقى ئۈچچۇن خۇيزۇ يېزىسىغا تەۋە كەنت) قاتارلىق ئورۇن نامىلىرى بىلەن باغلىنىشلىق دەپ قارايدىكەن، (بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش ۋە دەلىللەشلەرنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ).

**مەمۇرىي تەۋەلىك جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلەر**

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى يىللىرى رايونلار تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلغاندا موللاتوختىيۈزى غۇلجا ناھىيەسىگە قاراشلىق 3-رايون نامىدىكى تۇرپانيۈزىگە تەۋە بولغان. خەلق گوڭشېسى قۇرۇلغاندا يەنىلا تۇرپانيۈزى گوڭشېسىغا تەۋە بىر دادۈي ھېسابلانغان، 1968-يىلى جېلىيۈزى بازارلىق گوڭشې قۇرۇلغاندا مەركىزى گوڭشېغا تەۋە بولغان شياۋدۈي (كىچىك گورۇپپا) تەسىس قىلىنغان دەۋرلەردە موللاتوختىيۈزى دادۈي (كەنت) يەتتە شياۋدۈيگە بۆلۈنگەن.

ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1-شياۋدۈي، بارات مەھەللىسى

2-شياۋدۈي، موللاتوختى مەھەللىسى (ھەمراھ شاگيو، قوشنا شاگيو، شاھىر شاگيو دېگەن كىشىلەر ئۆتكەن)

3-شياۋدۈي، بۇرۇن تېيىپ شاگيونىڭ مەھەللىسى دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. بۇ مەھەللىدە بۇرۇن ئارا ئۆستەڭلىك تۇرسۇن قارىم ئىمام بولغان ئىبراھىم مەزىن ئىسىملىك ئۇستا دۇتارچى، داپچى كىشى ئۆتكەن بولۇپ كېيىن ئۇ بۇ مەھەللىدىكى چوڭ مەسچىتكە مۇئەززىن بولۇپ ئۆتكەن. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇ مەسچىتكە ھەمراھ ۋە ئارا ئۆستەڭلىك بىلىملىك زات تۇرسۇن قارىم ئارا ئۆستەڭلىك تۇرغان سوپۇمنىڭ ئاكىسى) ئۇزاق يىل ئىمام بولغانىكەن.

4-شياۋدۈي، توختى ئىمام (مۇئەززىننىمۇ بولغانىكەن) مەھەللىسى دەپ ئاتالغان بولۇپ ساماخون، ھېۋۇللام، كېۋىر، لېۋىر قاتارلىق ئالتە ئۆيلۈك كىشىلەر يەكەن تەرەپلەردىن كېلىپ ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن «ئالتە ئۆي» دەپمۇ ئاتالغانىكەن. ئېيتىلىشىچە ئالتە ئۆي بۇرۇنىسىدا بەش دۆڭ دەپمۇ ئاتالغانىكەن. ئاڭلىشىمچە لېۋىر دېگەن كىشى ئالمائاتا بولۇس بولغان بولۇپ 1934-يىللىرى بۇ مەھەللىگە ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن ئەللىكبېشى بولغان. دادىسى تاھىر دېگەن كىشى يەتتەسۇ تەۋەسىدە قازى بولغان بولۇپ، «تاھىر قازى» نامىدا ئاتىلىپ ئۆتكەنىكەن.

5-،6-شياۋدۈيلەردە بۇرۇن ئاساسەن ئاھالە يوق بولۇپ ئابدۇلباي دالىم قېيىنئىنىسى غېنى باتۇر دېگەن كىشى بىلەن بىللە يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغانىكەن، كېيىن توڭگان مەھەللىسى دەپ ئاتالغان. بارات مەھەللە ئىككى شياۋدۈيگە بۆلۈنگەن.

يەنى يۇقىرىقى ۋۆگۆلۈك تۆت شياۋدۈيدىن تۆۋەنكى ۋۆگۆلۈك تۆت شياۋدۈيدىن تەركىب تاپقان، بارات مەھەللە ئىككى شياۋدۈيدىن تەركىب تاپقان. 1984-يىلى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ قارارى بىلەن موللا توختىيۈزى يېزىسى نامىدا ئايرىم يېزا بولۇپ قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن تارتىپ يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىلگىرىكى تۆت دادۈينىڭ نامى كەنت نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىنمەكتە.

دېمەك، ئۆزگە خاس مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتكەن، ئۆتمۈش زامانلاردىكى قالاق، تەرەققىي قىلمىغان موللاتوختىيۈزى يېزىسى دۆلىتىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى دەۋرلەردىكى تەرەققىياتلار داۋامىدا ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىق، ئەبەدىي ئەمىنلىك قاتارلىق مۇھىم، چوڭ يۈكسىلىشلەرنى نىشان قىلغان ھالدا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىللە، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئۈچۈن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.


پايدىلانمىلار:

1. غۇلجا ناھىيە تەزكىرىسى 2007-يىلى نەشرى.
2. «غۇلجا شەھەر قوشاقلىرى».

(غۇلجا شەھەرلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىشخانىسى باستۇرغان)


(ئاپتور: غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# زاغرا نان توغرىسىدا

مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

ئەقىل - پاراسەتلىك، ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئەسىرلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش پائالىيىتى جەريانىدا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۆزگىچە غىزالارنى ئىجاد قىلغان. ئوخشىمىغان شارائىت، كىلىمات ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى بويىچە ئۆزىگە خاس ئوزۇقلۇق ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈپ ھەمدە بۇ ئوزۇقلۇقلارنى تۈرلەرگە، تەبىئەتكە ۋە مەلۇم شەكىلگە ئايرىپ، ئۆزلىرى ياقتۇرغان، خىل كەلگەنى بويىچە ئىستېمال قىلغان، شۇنداقلا ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى، ھاۋا كىلىماتى، تۇرمۇش ئادەتلىرى ۋە مەدەنىيىتىگە ئاساسەن ئۆزگىچە ئوزۇقلىنىش مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەبىئىي مىزاجى، ساقلىق ساقلاش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، كېسەللىكلەرنى داۋالاش قاتارلىقلارغا خىزمەت قىلدۇرۇپ كەلگەن، زاغرا نان دەل ئەنە شۇنداق ئېسىل يېمەك - ئىچمەكلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

## زاغرا ناننىڭ تارىخى

نان — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئاساسلىق يېمەكلىكلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تولىمۇ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ كەلدى ۋە ئالاھىدە ئورۇننى تۇتۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ۋە مەدەنىيەت تارىخىنىڭ جانلىق شاھىدى سۈپىتىدە ئىزچىل ھالدا خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتىدىن ئايرىلىپ باقمىدى، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن تارتىپلا نان ئىستېمال قىلغان، ناننى ئەزىزلىگەن، قەدىرلىگەن ۋە ناننى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكلىرىدىن بىرى قىلغان. ھازىر قولىمىزدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، ھەر خىل نانلارنى ئىستېمال قىلغانلىقى توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ ماتېرىياللار بولسىمۇ،

ئەمما خەلقىمىزنىڭ قاچاندىن باشلاپ زاغرا نان ئىستېمال قىلىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات، ئۇچۇر يوق، بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئەھۋالدۇر.

بىز «ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر» ناملىق كىتابتىكى: «ئۇزاق ۋە قاتتىق سوغۇق بولىدىغان قىش پەسلىدە لازىم بولىدىغان يەم - خەشەك زاپىسىنى تەييارلىماي تۇرۇپ، كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشنى كەچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە ئوت - چۆپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئاشلىق تېرىش زۆرۈر شەرت بولۇپ قالدى... ئاشلىق دەسلەپتە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ يېمى تەرىقىسىدە تېرىلدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئىنسانلارنىڭمۇ يېمەكلىكى بولۇپ قالدى» دېگەن بايانلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، خەلقىمىز ئاق قوناق تېرىقچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرلەردىن باشلاپلا زاغرا نان ئىستېمال قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمىز. ئاق قوناقنىڭ ئېلىمىزدە ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ئۇزاق ھېسابلىنىدۇ، ھازىرغا قەدەر ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىشتىن قارىغاندا، ئاق قوناق ئاساسەن قارا شەھەر تەۋەسىدىن تېپىلغان. مەسىلەن، قارا شەھەر ناھىيەسى تەۋەسىدىكى دەۋرى ئەڭ بالدۇر بولغاندا خەن دەۋرىگە بارىدىغان ساردۆڭ قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىكى گەمىدىن ۋە تاڭ دەۋرىگە تەۋە خارابە — تاگۇاڭ قەدىمكى شەھىرى خارابىسىدىن ئاق قوناق دانلىرى تېپىلغان، بۇ يەردىن قەدىمكى ئاق قوناق دانلىرىنىڭ بايقىلىشى، قەدىمكى ئاھالىلەرنىڭ ئاق قوناقنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان زاغرا نان مەدەنىيىتى يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنى يەنىمۇ ئەتراپلىق تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## زاغرا نان ئىستېمالى ۋە زاغرا ناننىڭ ئىقتىسادىي قىممىتى

زاغرا نان يېزىلاردا دېھقانلار دائىم ئىستېمال قىلىدىغان، تەييارلاش ئاسان، ئۆزى سىڭىشلىك، ئادەم بەدىنىگە پايدىلىق تەرەپلىرى كۆپ بولغان مىللىي ئەنئەنىۋى تائاملارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى ئەجدادلىرىمىز ئەتىگەندە ۋە چۈشتە ئىستېمال قىلىپ كەلگەن، لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ زاغرا ناننى ئىستېمال قىلىش ئازىيىپ، ئالىي دەرىجىلىك ئۇندا تەييارلانغان تائاملارنى ۋە مايلىق ھەر خىل قورۇما - سەيلەرنى ئىستېمال قىلىش كۆپىيىپ قالغاندى. بۇ خىل تائاملار يۇقىرى قان بېسىم، قان قويۇلۇپ كېتىش، زىيادە سېمىزلىك، يۈرەك كېسەللىكى، قاندا ماي ماددىسى ئېشىپ كېتىش، جىگەرنى ماي قاپلاش، دىيابېت قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلغاچقا، شەھەرلەردە يېمەك - ئىچمەك قاتارىدىن ئايرىلىپ، يېتىمسىرىغان قوناق ئۇنىدا تەييارلىغان زاغرا ناننى كىشىلەر ھازىر يەنە قايتىدىن ئالاھىدە دورىلىق سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن زاغرا ناننىڭ ئىقتىسادىي قىممىتىمۇ ئاشتى.

## زاغرا ناننىڭ تۈرلىرى

زاغرا نان — ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق، يېمەكلىكلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ تولىمۇ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى، دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاھالىلەرنىڭ زاغرا نانغا بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ناۋايلار زاغرا ناننى بۈگۈنكى كىشىلەر تېخىمۇ ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدىغان، يېيىشلىك، سىڭىشلىك، كۆركەم، مەززىلىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئىستېمالنى جانلاندۇردى.

خەلقىمىز ھازىر ئىستېمال قىلىۋاتقان زاغرا نان ئاق قوناق زاغرىسى ۋە كۆممىقوناق زاغرىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ تۈرى 20 خىلدىن كۆپ، پىشۇرۇش ھۈنەر - سەنئىتى ئۆزگىچە، ئوزۇقلۇق قىممىتىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، تۆۋەندە زاغرا نانلارنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرىدىن بىر قانچە خىلىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

### 1. پىياز سالغان زاغرا نان

قوناق ئۇنىغا چانالغان پىيازنى سېلىپ، ئۈستىگە چۈچۈتۈلگەن ئۆسۈملۈك مېيى قۇيۇپ مۇجۇپ، دەستلەپ يۇغۇرۇپ، بىر ھازا چۈمكەپ قويۇلىدۇ. خېمىر بولغاندىن كېيىن مەلۇم مىقداردا توغرالغان پىيازنى خېمىرغا ئارىلاشتۇرۇپ، قىزىغان تونۇرنىڭ چوغىنى ئوتتۇرىغا يىغىپ، تۈز سېپىپ تونۇرنىڭ ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. ئاندىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ، ئىككى ئالقان ئارىلىقىدا يۇمىلاقلاپ، ئۇندا قوغۇنلاپ ئاندىن تونۇرغا يېقىلىدۇ. نان تونۇرغا يېقىلىپ بولغاندىن كېيىن رېپىدە بىلەن ناننىڭ ئوتتۇرىسى بېسىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



كىندىك چىقىرىلىدۇ. تونۇرنىڭ ئاغزى تۇۋاق بىلەن يېپىلىپ، 20 مىنۇت ئەتراپىدا دۇملىنىدۇ. ئاندىن تونۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ ئوت ياللۇنجىلىتىپ، ناننىڭ يۈزى سارغايتىلىدۇ، نان تولۇق قىزىرىپ پىشقاندىن كېيىن قومۇرۇلىدۇ.

### 2. كاۋا توغرىغان زاغرا نان

كاۋا توغرىغان زاغرا نان ئادەتتە كۈز ۋە قىشتا يېقىلىدۇ. چالا پىشقان ئەنجان كاۋىسىنى پارچىلاپ تازىلاپ، ئېتى قوناق چوڭلۇقىدا توغرىلىدۇ. قوناق ئۇنىغا تۇز قۇيۇلۇپ، خېمىرنى سوغۇق سۇدا يۇغۇرۇپ، بولدۇرۇپ تىندۇرۇلىدۇ. ئاندىن خېمىرنىڭ ئۈستىگە توغرالغان كاۋىنى تۆكۈپ، ئوبدان يۇغۇرۇپ ئارىلاشتۇرۇپ زۇۋالا قىلىنىدۇ. قىزىغان تونۇرنىڭ چوغىنى ئوتتۇرىغا يىغىپ، تۇز سېپىپ تونۇرنىڭ ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ، ئاندىن ئۈزۈلگەن زۇۋۇلىنى ئىككى ئالقان ئارىلىقىدا يۇملاقلاپ، تونۇرغا رېپىدىدە يېقىپ، رېپىدە بىلەن ناننىڭ ئوتتۇرىسى بېسىلىپ كىندىك چىقىرىلىدۇ. تونۇرنىڭ ئاغزى تۇۋاق بىلەن يېپىلىپ، 25 مىنۇت ئەتراپىدا دۇملىنىدۇ. ئاندىن تونۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، دۆۋىلەڭلىك چوغ يېيىتىلىپ، ناننىڭ يۈزى قىزارتىپ پىشۇرۇلىدۇ.

### 3. قىيمىلىق زاغرا نان

مۇۋاپىق گۆشنى ئۇششاق توغراپ، پىيازنى ئۇششاق چاناپ، گۆش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۈستىگە تۇز، زىرە، قارىمۇچ سېلىپ مۇجۇپ ئارىلاشتۇرۇپ قىيما تەييارلىنىدۇ. ئاندىن قوناق ئۇنىغا تۇز قۇيۇلۇپ، قىزىق سۇدا خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. قىزىغان تونۇرنىڭ چوغىنى ئوتتۇرىغا يىغىپ، تۇز سېپىپ تونۇرنىڭ ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. ئاندىن زۇۋۇلا ئۈزۈپ، ئىككى ئالقان ئارىلىقىدا شاپىلاقلاپ يۇملاق زۇۋالا قىلىنىدۇ. زۇۋۇلىنىڭ ئۈستىدىن ئىككى بارماقتا تېشىپ كامار قىلىنىدۇ. چۆرگىلىتىپ بىر چاڭگال قىيما پاتقۇدەك يوغىنىتىپ، قىيمىنى سېلىپ، خېمىرنى يەنە ئاستا چۆرگىلىتىپ، كامارنىڭ ئاغزىنى كىچىكلىتىپ، بۇغداي ئۇنىدا قوغۇنلاپ، چۆرىسىنى ئىككى سانتىمېتىر، ئوتتۇرىسى تۆت سانتىمېتىر قېلىنلىقتا نان ياساپ، ئۇلىغا تۇز تۆگۈرۈپ، رېپىدە بىلەن تونۇرغا يېقىلىدۇ. رېپىدە بىلەن ناننىڭ ئوتتۇرىسى بېسىلىپ كىندىك چىقىرىپ، 40 مىنۇت ئەتراپىدا دۇملىنىدۇ، ئاندىن تونۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، دۆۋىلەڭلىك چوغ يېيىتىلىپ، ناننىڭ يۈزى قىزدىرىپ پىشقاندا قومۇرۇلىدۇ.

### 4. چىگىرتەك سالغان زاغرا نان

قوينىڭ قۇيرۇق مېيىنى كۆيدۈرۈپ چىققان چىگىرتەك ئۇششاق توغرىلىدۇ. قوناق ئۇنىغا تۇز سېلىپ، مۇۋاپىق قىزىق سۇ قۇيۇلىدۇ، ئاندىن چىگىرتەكنى ئارىلاشتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. تونۇرغا ئوت يېقىپ قىزىغاندىن كېيىن تۇز سېپىپ، تونۇرنىڭ ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. خېمىرنى زۇۋۇلا قىلىپ، ئاندىن ئۈزۈلگەن زۇۋۇلىنى ئىككى ئالقان ئارىلىقىدا يۇملاقلاپ، تونۇرغا رېپىدىدە يېقىپ، رېپىدە بىلەن ناننىڭ ئوتتۇرىسى بېسىلىپ كىندىك چىقىرىلىدۇ. تونۇرنىڭ ئاغزى تۇۋاق بىلەن يېپىلىپ، 20 مىنۇت ئەتراپىدا دۇملىنىدۇ. ئاندىن تونۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، چوغنى يېيىتىپ، ناننىڭ يۈزى قىزارتىپ پىشۇرۇلىدۇ.

### 5. كۆك سالغان زاغرا نان

ئالدى بىلەن كۆك ئادالاپ پاكىز يۇيۇلۇپ چانىلىدۇ. قوناق ئۇنىغا تۇز قۇيۇپ، قىزىق سۇدا خېمىر يۇغۇرۇپ تىندۇرۇلىدۇ. خېمىر بولغاندىن كېيىن، كۆكنى سېلىپ مۇجۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، زۇۋۇلا ئۈزۈلۈپ، ئىككى قولنىڭ ئارىلىقىدا پوكۇلدىتىپ شاپىلاقلاپ يۇملاقلىنىدۇ. تونۇرغا ئوت يېقىپ قىزىغاندىن كېيىن تۇز سېپىپ، تونۇرنىڭ ھاۋاسى تەڭشىلىدۇ. يۇملاقلانغان خېمىرنى تونۇرغا رېپىدىدە يېقىپ، رېپىدە بىلەن ناننىڭ ئوتتۇرىسى بېسىلىپ كىندىك چىقىرىلىدۇ، تونۇرنىڭ ئاغزى تۇۋاق بىلەن يېپىلىپ، 20 مىنۇت ئەتراپىدا دۇملىنىدۇ. ئاندىن تونۇرنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، چوغنى يېيىتىپ، ناننىڭ يۈزى قىزارغۇچە پىشۇرۇپ، ئاندىن تونۇردىن قومۇرۇلىدۇ.

### 6. سۈتلۈك زاغرا نان

ئاق قوناق ئۇنىنى 70%، بۇغداي ئۇنىنى 30% نىسبەتتە ئېلىپ، قوناق ئۇنىنى ئازراق تۇز سېلىنغان قايناق سۇدا يۇغۇرۇپ قويۇپ، بۇغداي ئۇنىنى خېمىرتۇرۇچ سېلىپ، تۇز سېلىنغان ئىلمان سۇغا سۈت قوشۇپ (ئازراق ماي قوشسا تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ) يۇغۇرۇۋېلىپ، قوناق ئۇنى خېمىرى بىلەن قوشۇپ ئوبدان ئىشلەپ تىندۇرۇلىدۇ. خېمىر تولۇق كۆپكەندە زۇۋۇلا ئۈزۈپ، يەنە سەل بېسىپ تىندۇرۇلىدۇ. تونۇرنىڭ ھاۋاسىنى قىزىقراق تەڭشەپ، زاغرا نان ياققاندەك يېقىپ، سىڭدۈرۈپ ئۇزاقراق تۇرغۇزۇپ، قاقلاپ پىشۇرۇپ قومۇرۇلىدۇ.

### زاغرا نانغا مۇناسىۋەتلىك ماقال - تەمسىل، چۆچەك ۋە قوشاقلار

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماقال - تەمسىل، چۆچەك،

قوشاقلىرىدا زاغرا نان ھەققىدىكى تەپسىلاتلار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «زاغرانىڭ نى يەپ ناغرانىڭ نى چال»، «زاغرا نان زەردىنى قايىنتار، بىر كۈن بولمىسا كۆزنى ئويىنتار»، «ئاق ناننى ياراتمىساڭ، زاغرا ئىزدەپ يۈرسەن»، «زاغرا نان قېتىقتا ياخشى، قىرى كالا پېتىقتا ياخشى» دېگەنگە ئوخشاش ماقال - تەمسىللەر بار بولۇپ، بۇ ماقال - تەمسىللەردە زاغرا نان باش تېما قىلىنىپ، كىشىلەرگە ئىرىشكەن كۈنگە، تۇرمۇش، ھال - ئوقتىگە شۈكۈر - قانائەت قىلىپ، ئارتۇقچە ھەۋەسكە بېرىلمەي، ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكى؛ تىرىكچىلىكتە ئىنساننىڭ ئاشلىقسىز ياشىيالمايدىغانلىقى، شۇڭا غىزا - تاماقنى ئىلغىماسلىق كېرەكلىكى؛ ئاش - تاماق يېگەندە ئۆز ئالاھىدىلىكى بويىچە بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ يېيىش لازىملىقى؛ بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق جىق ئۆتكەن پېشقەدەملەر تەجرىبىلىك بولغاچقا، دۇچ كەلگەن مۇشكۈل ئەھۋالغا يەنە بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا زاغرا نانغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر چۆچەك كەڭ تارقالغان:

بۇرۇنقى زاماندا، زامان زورنىڭ ئىكەن، تاماشا كورنىڭ ئىكەن. يەتتە تاغنىڭ كەينىدە شۇنداق بىر يۇرت بولغانىكەن، ئاشۇ يۇرتنىڭ پادىشاھى زالىم بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارى تۇتۇپ قالسا، ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە نۆكەرلىرىنى كەينىگە سېلىپ كوچا - كويلارنى ئايلىنىدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭغا يولۇققان پۇقرالارنىڭ بىرەرسى قىلىدىن قىيىق كەتكۈزۈپ قويسا ياكى مىجەزىگە ئازراقلا ياقماي قالسا، ئۇنى شۇ زامانلا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىكەن، شۇڭا بۇ يۇرتتا سەھرادىكى كىشىلەر شەھەرگە كىرىشتىن، شەھەردىكى كىشىلەر كوچا - كويلارغا چىقىپ ئەركىن يۈرۈشتىن، بولۇپمۇ پادىشاھ كوچا - كويلارغا چىققان كۈندە پادىشاھنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەيدىكەن.

بىر كۈنى شۇ يۇرتنىڭ يىراق بىر يېزىسىدا ياشايدىغان بىر دېھقان شەھەرگە كىرىپ قاپتۇ. بۇ ئۇنىڭ شەھەرگە تۇنجى قېتىم كىرىشى ئىكەن ھەم ئۇنىڭ پادىشاھنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارى تۇتۇپ قالسا، ئۇچرىغان ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇيدىغان ئىشىدىن خەۋىرىمۇ يوق ئىكەن. ئۇنىڭغا شەھەردىكى ھەممىلا نەرسە يېڭىلىق كۆرۈنۈپ كوچا ئارىلاپ يۈرگىنىدە، بىر ھەيۋەتلىك ئادەم توپىغا يولۇقۇپ قاپتۇ، بۇ ساددا دېھقان بۇلارنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەچكە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

بۇ ئەسلىي قان تۆكۈش خۇمارى تۇتقان زالىم پادىشاھ باشچىلىقىدىكى بىر توپ كىشىلەر ئىكەن. ھېلىقى دېھقاننى كۆرگەن پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ جاللاتلىرىغا:

— ماڭا سالام قىلمىغان بۇ ئەدەپسىز دەرھال جازا مەيدانىغا ئېلىپ بېرىلىپ، دارغا ئېسىلسۇن —! دەپ بۇيرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئاغزىدىن بۇيرۇق چىقىپ بولغۇچە، جاللاتلار ھېلىقى بىچارە دېھقاننى تۇتۇپ، دارقىرىتىپ سۆرەپ جازا مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. پادىشاھ دېھقاننىڭ دارغا ئېسىلىشىنى «تاماشا» قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە نۆكەرلىرى بىلەن بىللە يىراقتا قاراپ تۇرۇپتۇ. دېھقان دار ئالدىغا يېتىپ بارغىچە جاللاتلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن ھەممىنى چۈشىنىپ بولۇپتۇ - دە، ئۇنى ئۆزى قۇتقۇزمىسا ناھەق ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ، كۆڭلىگە بىر ئويىنى پۈكۈپتۇ.

دېھقان دار تۈۋىگە بارغۇچە ئۆز كۆڭلىگە پۈككەن ئوي بويىچە:

— ئىسست ھۈنىرىم، ئىسست ھۈنىرىم! ئۆزۈم ئۆلسەممۇ مەيلىتى، لېكىن ھۈنىرىممۇ بىللە ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدى، — دەپ توختىماي يىغلاپتۇ.

جاللاتلار ھەيران بولۇپ:

شۇنچە «ئىسست» دەپ كەتكۈدەك نېمە ھۈنىرىڭ بار ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ. دېھقان:

— پادىشاھ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسە ئېيتىمەن، ئەگەر پادىشاھ ھۈنىرىمنى ئاڭلايدىغان بولسا، چوقۇم بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىدۇ، — دەپتۇ.

جاللاتلار دېھقاننىڭ ھۈنىرىنى شۇنچە بىلگۈالغۇسى كەلسىمۇ، بىراق دېھقان: «پادىشاھ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسە ئېيتىمەن» دەپ زادىلا دېگىلى ئۇنىماپتۇ.

جاللاتلار ئەنە شۇنداق ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، دېھقاننىڭ تېخىچە دارغا ئېسىلمىغانلىقىدىن غەزەپلەنگەن پادىشاھ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بىر نۆكىرىنى ئەۋەتىپتۇ. نۆكەر قايتىپ كېلىپ پادىشاھقا:

— ئى ھۆرمەتلىك شاھىم، دېھقان «ئۆزۈم ئۆلسەممۇ مەيلىتى، بىراق ھۈنىرىممۇ بىللە ئۆلۈپ كېتىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولدى، ئىسست ھۈنىرىم» دەپ يىغلاۋېتىپتۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ:

— ئۇنىڭ نېمە ھۈنىرى بار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ. نۆكەر:

— ئۇ «پادىشاھ بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسە ھۈنەرىمنى ئېيتىپ بېرەتتىم» دەپ دېگىنىچە ئۇنىمايۋېتىپتۇ، — دەپتۇ.

پادىشاھ: «قىزىق، ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئۇشۇق كۆرىدىغان قانداق ھۈنەردۇ بۇ؟» دەپ ئويلاپ، دېھقاننى قايتۇرۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. جاللاتلار شۇ ھامان دېھقاننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ.

پادىشاھ دېھقاندىن:

— نېمە ھۈنىرىڭ بار ئىدى؟ ئېيتە، — دەپ سوراپتۇ. دېھقان يەنە:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىلە ئېيتىمەن، — دەپتۇ.

دېھقاننىڭ نېمە ھۈنىرى بارلىقىنى بىلىشكە تەقەززا بولغان پادىشاھ:

— بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، ئېيت —! دەپتۇ.

دېھقان:

— ئى ھۆرمەتلىك شاھىم، مېنىڭ قېتىققا زاغرا نان چىلاپ يەيدىغان ھۈنىرىم بار ئىدى، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ. زالىم پادىشاھ يا غەزەپلىنىشنى، يا كۈلۈشنى ئۇقالماي قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ دېھقان ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ، بۇ ئىش ئاشۇ زالىم پادىشاھنىڭ جاللاتلىرىنىڭ ئاغزىدىن يۇرتقا ھېكايەت بولۇپ تاراپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا: «قېتىققا زاغرا نان چىلاپ يەيدىغان ھۈنىرى بار» دەيدىغان ھەزىل گەپ ئاشۇ دېھقاننىڭ كەچمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن.

قىسقىسى، زاغرا نان ھەققىدىكى ماقال - تەمسىل، چۆچەك، خەلق قوشاقلىرى، ئوبرازلىق سۆز - جۈملىلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ مۇكەممەل مەدەنىيەت چەمبىرىكىنى ھاسىل قىلغان ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت، ئۆرپ - ئادەت، تېبابەت، يېمەك - ئىچمەك، ئىستېتىك ئاڭ، مەدەنىيەت قاتلىمىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىدە زاغرا ناننىڭ بەدەننى ئاجىز، تەستە ھەزىم بولىدىغان تاماقلار ئېغىر كېلىدىغان كىشىلەرگە ئىستېمال قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ. جىگەرلىك ماي قاپلاش، قاندىكى ماينى ئېرىتىپ بەدەندىن سۈرۈپ چىقىرىش مەقسەتلىرىدە بىمارنىڭ كۈندىلىك غىزاسىغا بۇيرۇپ بېرىلەدۇ، تۈرلۈك راك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە نورمال كىشىلەرنى ھەپتىدە بىر قېتىم زاغرا ناننى ئىستېمال قىلىشقا تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

يەنە ھېرىپ چارچىغاندا زاغرا ناننى قېتىق بىلەن ئىستېمال قىلسا ھاردۇقنى چىقىرىدۇ. زىيادە سەمىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بەدەندىكى ماددا ئالمىشىشنى ياخشىلاپ، بۇزۇق ماددىلارنى تازىلايدۇ ۋە تېتىك قىلىدۇ، نورمال كىشىلەر، دىيابېت بىمارلىرى زاغرا ناننى كۈندە مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە بۇ سالامەتلىك ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق.

### پايدىلانغان ماتېرىياللار:


(1) ئىسرائىل يۈسۈپ، ئەنۋەر قاسىم: «غەربىي يۇرت يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 - يىلى 1 - نەشرى.

(2) ۋەلى كېرىم كۆكتالىپ تۈزگەن: «ئۇيغۇر تائاملىرى قامۇسى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى، 2007 - يىلى 1 - نەشرى.

(3) ئابلىز مۇھەممەد سايرامى تۈزگەن: «ئۇيغۇر مەدەنىيەت - سەنئىتىگە دائىر ئىلمىي ماقالىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1999 - يىلى 1 - نەشرى.

(4) «پەيزاۋات خەلق قوشاقلىرى»، 1989 - يىلى نەشرى.

(5) ئابلىز ئەممەت: «ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008 - يىلى 1 - نەشرى.

(6) «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2009 - يىللىق 2 - سانى.

(7) پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنتىدىكى 94 ياشلىق بوۋاي ماۋت ئىمىننىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى.

(8) پەيزاۋات ناھىيەسىدىكى ياش تېۋىپ نۇرمۇھەممەدجان ئىمىن روزى تەمىنلىگەن قول يازما ماتېرىيال.


(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتوقاي كەنتىدە، دېھقان)



# ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت ئويۇنى ـ كۆيەك توپ

دۆلەت ئاقنىياز

كۆيەك سۆزى ــــ كۆيۈش، كۆيدى، كۆيمەك... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن تومۇرداش بولۇپ، كۆيەك توپ ئويۇنىدىكى كۆيەك، كۆيدى دېگەن ئاتالغۇچىلار بىلەن مەنە جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە. كۆيەك توپ تارىختىن بۇيان ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ھەر يىلى 11 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە يەرلەر بوشىغان، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئارىسالدى ۋاقىتلىرىدا ئوينىلىپ كەلگەن مۇسابىقە خاراكتېرىنى ئالغان بىر خىل ئاممىۋى تەنھەرىكەت تۈردۇر، كۆيەك توپ كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئوينىلىدىغان بولغاچقا بەزى جايلاردا كالتەك توپ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئويۇنغا كېتىدىغان لازىمەتلىكلەر:**

مەيدان: ئالدى بىلەن مۇۋاپىق مەيدان بولۇشى لازىم. توپ ئوينىغۇچىلارنىڭ ياش قۇرامى، ئادەم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە ئاساسەن ئەڭ چوڭ بولغاندا ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىردىن 80 مېتىرغىچە، كەڭلىكى 40 مېتىردىن 60 مېتىرغىچە بولغان بىر قەدەر تەكشى، توسالغۇسىز بولغان مەيدان تاللىنىدۇ.

**توپ:** توپنىڭ كىچىكلىرى توخۇ تۇخۇمىدەك چوڭلىرى ئۆردەك تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتا بولۇپ پاختا، يىپ ياكى باشقا نەرسىلەرنى يۆگەپ بەزىلىرى شار شەكلىدە، بەزىلىرى ئېللىپىس شەكلىدە ياسىلىدۇ. توپنىڭ ئېغىرلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىچىگە مۇۋاپىق مىقداردا ئۇچە، قۇم، تاش قاتارلىقلار سېلىنىدۇ. پۇختا بولۇش ئۈچۈن سىرتقى قىسمى پىششىق ئىشلىگەن پاختا يىپ ئارقىلىق تور توقۇپ قاپلىنىدۇ. (توپنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ياش قۇرامىغا ئاساسەن تاللىنىدۇ. قىزلار ئوينىغاندا توپنىڭ ئىچىگە قۇم، تاش قاتارلىقلار سېلىنماي، سىرتى كىرست (+) شەكلىدە لاتا بىلەن قاپلىنىدۇ ياكى ئىنچىكە يىپ بىلەن تورلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



**كالتەك:** توپ ئۇرۇش ئۇچۇن 60 سانتىمېتىردىن 80 سانتىمېتىرغىچە ئۇزۇنلۇقتا، كەتمەن دەستىسى تومۇلۇقىدىكى كالتەك تەييارلىنىدۇ. (قىزلار كالتەك ئىشلەتمەي ئالىقان بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدۇ).

**قاتناشقۇچىلار:** توپ ئوينىغۇچىلار ئەڭ ئاز بولغاندا تۆت نەپەردىن كەم بولماسلىقى، كۆپ بولغاندىمۇ 16 نەپەردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. (ئادەم سانى كۆپ بولۇپ كەتسە، بىر ئاز قالايمىقان بولۇپ قالىدۇ). توپ ئويناشقا قاتناشقۇچىلار توپنى يىراققا ئۇرالايدىغان، تېز يۈگۈرەلەيدىغان، بوشلۇقتىن كېلىۋاتقان توپنى تۇتالايدىغان، توپنى ئاتقاندا نىشانغا تەگكۈزەلەيدىغان، ھوشيار، چاققان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ، ئوخشاش جىنىستىكىلەر ۋە دېمەتلىكلەر ئايرىم ئويناش شەرت.

**كوماندا تەشكىللەش:** قاتناشقۇچىلار ئىچىدىن كۆپچىلىك ئېتىراپ قىلىدىغان ماھارىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئىككى كىشى كوماندا باشلىقى بولۇپ، قولغا يوشۇرغان نەرسىنى تېپىش ياكى باشقا ئۇسۇللا ئارقىلىق ئۆز كوماندىسىغا ئەزا تاللاش ھوقۇقىنى تالىشىدۇ. ئەزا تاللاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كوماندا باشلىقى بىر نەپەر ئەزا تاللايدۇ، ئاندىن يەنە بىر كوماندا باشلىقى بىر نەپەر ئەزا تاللايدۇ. مۇشۇنداق نۆۋەت بويىچە ئەزا تاللاش ئىككى كوماندىنىڭ ئەزا سانى تەڭلەشكىچە ياكى ئاخىرقى چەككە يەتكىچە داۋاملىشىپ ئىككى كوماندا تەشكىللىنىدۇ، ئادەم سانى كۆپ بولسا ئىككى كوماندىدىن ئېشىپ قالغانلار ئايرىم كوماندا تەشكىللەپ ئۇتتۇرۇۋەتكەن كوماندىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ ئويناشقا بولىدۇ.

**توپ باشلاش نۆۋىتىنى تالىشىش:** كوماندا باشلىقلىرى قولغا يوشۇرغان نەرسىنى تېپىش ئۇسۇلى ئارقىلىق توپ باشلاش ھوقۇقىنى تالاشسىمۇ بولىدۇ، ئەمما ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا مۇنداق بولىدۇ. ئەزا تاللاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن كوماندا باشلىقى بىر - ئىككى مېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپ توپ ئۇرۇشقا تەييارلانغان كالتەكنى تىك ھالدا يەنە بىر كوماندا باشلىقىغا ئاتىدۇ، قارشى تەرەپ كالتەكنى خالىغان يەردىن بىر قول بىلەن تۇتۇش لازىم. تۇتۇۋالغان يەرنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىر كوماندا باشلىقى ئىككى قولنىڭ ئارىلىقىنى بوش قالدۇرماسلىق شەرتى بىلەن بىر قولدا قامالاپ تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىن يەنە بىرسى تۇتىدۇ... مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىپ كالتەكنىڭ ئۇچىدا تۇتقىدەك يېرى قالمىسا ئۇ چاغدا كېيىن قالغان كوماندا باشلىقى كالتەككە توپ بىلەن ئۈچ قېتىم ئۇرىدۇ. ئەگەر كالتەكنى توپ بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتەلىسە توپ ئۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ، بولمىسا توپ ئۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشەلمەيدۇ. توپ باشلاش ھوقۇقىغا ئېرىشكەن تەرەپ توپ ئۇرغۇچىلار، يەنە بىر تەرەپ يوقلىغۇچىلار (توپ يورغىلىغۇچىلار) دېيىلىدۇ.

**ئويۇن قائىدىلىرى:** ئويۇن قائىدىلىرىنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە: بەزىلىرىنى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بەلگىلەيدۇ، ئالدى بىلەن قاتناشقۇچىلارنىڭ ياش قۇرامىغا قاراپ باش پەللە سىزىقى بىلەن ئاخىرقى پەللىنىڭ ئارىلىقى بەلگىلىنىدۇ ۋە ئاخىرقى پەللىگە ياغاچ قاتارلىق كۆزگە چېلىققۇدەك نەرسىلەر قويۇلۇپ ئۇ «كۆيەك» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاندىن يان تەرەپ چېگراسى ئېنىق بەلگىلىنىدۇ. ئادەتتە توپنى باش پەللە سىزىقىنىڭ ئارقىسىغا ئۇرۇۋاتسا ياكى ئۇرغان توپ يان تەرەپ چېگراسىنىڭ سىرتىغا چۈشۈپ كەتسە (توپنىڭ دەسلەپتە يەرگە چۈشكەن جايى ھېساب، دومىلاپ كەتكىنى ھېسابلانمايدۇ)، «كۆيەك» ھېسابلىنىپ توپ ئۇرغۇچى تەرەپ شەرتسىز ئۇتتۇرىدۇ. ئۇرغان توپنى توپ يورغىلىغۇچىلاردىن قايسى بىرى يەرگە چۈشۈشتىن بۇرۇن بوشلۇقتا تۇتۇۋالسا (بىر قول ياكى ئىككى قولدا تۇتۇۋالسىمۇ بولىدۇ) توپ ئۇرغۇچى تەرەپ ئوخشاشلا ئۇتتۇرىدۇ. توپنى يىراققا ئۇرۇش ئارلىقى چەكلەنمەيدۇ، يۇقىرىقىلار مۇقىم قائىدىلەر بولۇپ بەزىدە يان تەرەپ چېگراسى يوق («كۆيەك» ھېسابلانمايدۇ). بوشلۇقتىكى توپنى تۇتۇش ھېساب بولمايدۇ دەپ بىرلىككە كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇرغان توپ باش پەللە سىزىقىنىڭ ئارقىسىغا چۈشۈپ كەتسە ھەرقانداق ۋاقىتتا «كۆيدى» ھېسابلىنىدۇ.

كوماندا باشلىقلىرى ھەر ئىككى تەرەپتىن بىر نەپەردىن «ئۇچلۇك» بەلگىلەيدۇ. «ئۇچلۇك» بىر قېتىمدا ئۈچ توپ ئۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۈچ توپنى بىرلا قېتىم ئۇرسىمۇ، ئايرىم - ئايرىم ئۈچ قېتىم ئۇرسىمۇ بولىدۇ. باشقا ئەزالار بىر قېتىمدىلا بىرلا توپ ئۇرىدۇ.

**«ئۇچلۇك»نىڭ رولى:** ئاخىرقى پەللىدىن باش پەللىگە كېلەلمىگەن ياكى باش پەللىدىن ئاخىرقى پەللىگە (كۆيەككە) بارالمىغان كوماندا ئەزالىرىنى نىشانغا يەتكۈزۈش (قۇتقۇزۇشتا) ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

2017.2

كوماندا باشلىقلىرىنىڭ «ئۇچلۇك»نى ۋە توپ تاشلاپ بەرگۈچىلەرنى بەلگىلەش، ئالماشتۇرۇش، ئەزالارنىڭ تۇرۇش ئورنىنى بەلگىلەش، ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلىش، چېكىنگەنلەرنىڭ ئورنىنى تولۇقلاش، ئويۇن جەريانىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىلىش قاتارلىق ھوقۇقلىرى بولىدۇ. ئويۇن جەريانىدا باش پەللە بىلەن ئاخىرقى پەللە ئارىلىقىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئالدىنى توسۇۋېلىش، تۇتۇۋېلىش، پۇتلاش، توپ بىلەن يۈز قىسمىغا ئۇرۇش قاتارلىقلار چەكلىنىدۇ.

**توپ باشلاش:** توپ يورغىلىغۇچى تەرەپتىن بىر ئادەم توپ ئۇرغۇچىلارغا توپ تاشلاپ بېرىشكە قالىدۇ. قالغانلار كوماندا باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تارقىلىپ تۇرىدۇ. توپ ئۇرغۇچىلار كوماندا باشلىقىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە توپ تاشلاپ بەرگۈچىنىڭ ئارقا تەرىپىدە باش پەللە سىزىقىنىڭ سىرتىدا توپ ئۇرۇش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، توپ ئۇرغۇچىلار توپنى ئۇرغاندىن كېيىنلا ئاخىرقى پەللە «كۆيەك»كە قاراپ يۈگۈرۈشى كېرەك، توپنى تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن كالتەك توپقا تەگسۇن - تەگمىسۇن (كالتەك چۆرىگەندىن كېيىنلا) بىر نۆۋىتى تۈگەيدۇ، ئەگەر توپنى ئۇرالماي ياكى يىراققا ئۇرالماي ئاخىرقى پەللىگە يۈگۈرۈپ بېرىشقا كۆزى يەتمىسە توپ تاشلاپ بەرگۈچىنىڭ ئالدى تەرىپىدە باش پەللە سىزىقىدىن ئۆتۈپ كەتمەسلىك شەرتى بىلەن كېيىنكى توپ ئۇرغۇچى توپ ئۇرغاندا ئاخىرقى پەللىگە قاراپ يۈگۈرۈش ئۈچۈن تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇش كېرەك، توپ قانچە يىراققا ئۇرۇلسا شۇنچە ياخشى، چۈنكى بۇ چاغدا باش پەللىدىكىلەر ئاخىرقى پەللىگە يېتىپ بېرىشى، ھەتتا باش پەللىگە قايتىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن، ئاخىرقى پەللىگە بىر قېتىم بېرىپ كەلگەنلەر قايتا توپ ئۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ، ئاخىرقى پەللىگە بارغاندا «كۆيەك» دەپ بەلگىلەنگەن جىسىمغا ياكى «كۆيەك»نى تۇتۇپ تۇرغان ئادەمگە قول تەگكۈزۈپ ئاندىن باش پەللىگە قايتىپ كېلىشى شەرت، باش پەللىگە بېرىشقا كۆزى يەتمىگەنلەر «كۆيەك»تىن ئايرىلماسلىق شەرتى بىلەن باش پەللىگە بېرىش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈش كېرەك، باش پەللە بىلەن ئاخىرقى پەللە ئارىلىقىدا يۈگۈرگۈچىلەر ئۆزىگە توپ تەگكۈزمەسلىك ئۈچۈن ھەرىكىتى چاققان، ھوشيار بولۇش كېرەك، توپ يورغىلىغۇچىلار توپ ئۇرغۇچى تەرەپنىڭ باش پەللە سىزىقىدىن ئۆتۈپ كەتكەن ياكى كۆيەكتىن ئايرىلغان، باش پەللە بىلەن ئاخىرقى پەللە ئارىلىقىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان قايسى بىر ئەزاسىغا توپ ئېتىپ تەگكۈزسە (كېيىمگە تەگسىمۇ ھېساب) توپ ئۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ، مۇشۇ پەيت ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، قارشى تەرەپكە توپ تەگكۈزگەندىن كېيىن ئىمكانقەدەر باش پەللىگە بېرىۋېلىش، زادى بولمىسا دەرھال «كۆيەك»كە بېرىۋېلىش كېرەك.

ئەگەر بىرمۇ ئادەم باش پەللىگە بارالمىسا، باش پەللىدە قالغان توپ تاشلاپ بەرگۈچى توپ ئۇرۇپمۇ ئاخىرقى پەللىدىكىلەردىن بىرەرسىنىمۇ ئەكىلەلمىسە، ئوخشاشلا توپ ئۇرۇش نۆۋىتىگە ئېرىشەلمەي ئويۇن ئەسلى ھالىتىگە قايتىدۇ، مۇبادا توپ ئۇرغۇچى تەرەپ ئەزالىرى جۈملىدىن «ئۇچلۇك»مۇ توپ ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بىرمۇ ئەزاسى ئاخىرقى پەللىگە بارالمىسا ياكى ئاخىرقى پەللىدىن بىرمۇ ئەزاسى قايتىپ كېلەلمىسە «قالدى» (توپ ئۇرۇش نۆۋىتىدىن قالدى) بولۇپ ئۇتتۇرغان ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئويۇننىڭ يەنە بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «ئۇرۇپ قېچىش» دېيىلىدۇ، بۇ ئويۇندا «ئۇچلۇك» بولمايدۇ، ھەممە ئادەم بىرلا قېتىم توپ ئۇرىدۇ، توپ ئۇرغۇچى توپقا كالتەكنى چۆرىگەندىن كېيىنلا توپنى ئۇرۇپلا قېچىش كېرەك، باشقا جەريانلىرى يۇقىرىقىغا ئوخشايدۇ، بۇ خىل ئويۇن تولىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، ئويۇنغا قاتناشقۇچىلاردا ھەر جەھەتتىن يۇقىرى ماھارەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

كۆيەك توپ ئوينىغاندا قارشى تەرەپ ئەزالىرىغا توپ تەگكۈزۈشتە خۇددى ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىگە ئوخشاش بىر - بىرىگە توپ ئېتىش (پاس بېرىش) ئارقىلىق ھەمكارلىشىش ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر.

**ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرۇش:** كوماندا ئەزالىرى ھېرىپ - چارچىغان ياكى ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالغان ئەھۋالدا ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ ئويۇننى توختاتسا بولىدۇ ياكى بىر تەرەپ ئويۇننى توختىتىشنى جاكارلىسىمۇ بولىدۇ، لېكىن توپ يورغىلىغۇچى تەرەپ ئويۇن داۋاملىشىۋاتقان شارائىتتا ئويۇننى توختىتىشنى جاكارلىسا مەسخىرىگە قالىدۇ، شۇڭا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئۆزلىرىگە توپ ئۇرۇش نۆۋىتىگە كەلگەندە ئاندىن ئويۇننى توختىتىشنى جاكارلايدۇ.

كۆيەك توپ — ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىدى، 1970 - يىللارغىچە يېزىلاردا ئوتتۇرا ياشلىقلار، ياشلار - ئۆسمۈرلەر،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تاجىكلارنىڭ سوقۇم ئاپىرىش ئادەتلىرى

ۋارىسجان ئاتاخان

سوقۇم ئاپىرىش تاجىكلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۆز قىممىتىنى يوقاتماستىن تەدرىجىي داۋاملىشىپ كەلگەن ئېسىل ئادەت بولۇپ قويۇق مىللىي پۇراقا، شۇنداقلا قەدىمىي ئەنئەنىلىككە ئىگە بىر خىل ئۆرپ-ئادەت ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئادەت تاجىكلارنىڭ توي مەدەنىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدىغان ئۇزاق ئەسىر داۋام قىلىپ كەلگەن بىر خىل تۇرمۇش شەكلى بولۇپ بۇنىڭدا توي قىلماقچى بولغان يىگىتنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆز پەرزەنتىنىڭ تويىدا سويۇشقا ئىشلىتىدىغان چوڭ-كىچىك چارۋىنى ئالاھىدە تاللاپ تاجىكلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە توي قىلىشقا كېرەكلىك باش كىيىم-كېچەكنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قىز تەرەپنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ، بىر تۇياق يارام قوتاز كالا، ئالتە تۇياق قوي، ئۆچكە قاتارلىق چوڭ-كىچىك چارۋا بىلەنلا چەكلىنىدۇ، بۇنى ئادەتتە سوقۇم دەپ ئاتايدۇ.

سوقۇم ئادەتتە تويغا چاقىرىلغان بىر يۇرت ياكى بولمىسا يىراق-يېقىندىكى ئۇرۇق-تۇغقان قولۇم-قوشنا يۇرت خەلقىگە پۇلۇ ئېتىپ ئۇستىگە ئۇچا مۇچا گۆشنى بېسىپ بىرلىكتە مېھمان قىلىدىغان ئادەتنى كۆرسىتىدۇ.

تاجىكلارنىڭ سوقۇم ئاپىرىش ئادىتى تاجىكلارنىڭ تالاي ئەسىرلەر مابەينىدە ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئېسىل ئۆرپ-ئادىتى بولۇپ بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم-قوشنا قوۋم-قېرىنداش، دوست-بۇرادەرلەرنىڭ ئۆز مېھرىبانلىقىنى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقىنى كۈچەيتىپ كىشلەرنى پاك مېھرىبان بولۇشقا ئۈندەيدىغان توي قىلغان ئىككى ياشقا نىسبەتەن بەخت-سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە پائال يېتەكلەيدىغان ئېسىل ئۆرپ-ئادەت ھېسابلىنىدۇ.

گەرچە بۇ ئادەت تالاي يىللارنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە ئۆز قىممىتىنى يوقاتماستىن ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

(ئاپتور: تاشقورغان ناھىيە قوغۇشلۇق يېزا خەلق ھۆكۈمىتىدە)

---

(بېشى 47-بەتتە)

باللارغىچە ھەممە ئادەم ئوينايدىغان ئاممىۋى تەنھەرىكەت پائالىيىتىگە ئايلانغان، تۇرمۇش رىتىمىنىڭ كۈندىن-كۈنگە تېزلىشىشى بىلەن كۆپەك توپ ئوينايدىغان سورۇننىڭ يوقلۇقى، ۋاقىتنىڭ قىسقىلىقى تۈپەيلىدىن كۆپ قىسىم ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ ئورنىنى ئىلمىيلاشقان زامانىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرى ئىگىلىدى، شۇ سەۋەبتىن كۆيەك توپ ئويناشمۇ تەدرىجىي ھالدا ئۇنتۇلۇپ كېتىشكە باشلىدى، كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئىگىلىشى مۇقەررەر قانۇنىيەت، ئەينى چاغدىكى ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت، تەنھەرىكەت ئىشلىرى راۋاج تاپمىغان تارىخىي شارائىتتا كۆيەك توپقا ئوخشاش ئەنئەنىۋى ئاممىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئەۋلادلارغا قالدۇرۇپ كەتكەن مىراستۇر، گەرچە ئۇ ھازىر بەزى جايلاردا قىسمەن ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تارىخىي رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك، ئۇ كىشلەرنىڭ يۈگۈرۈش تېزلىكى، كۆرۈش سەزگۈرلۈكى، چاققانلىقى، ھوشيارلىقى، قارىغا ئېلىش ماھارىتى، بوشلۇقتىن چۈشۈۋاتقان نەرسىلەرنى تۇتۇش، يىراققا نەرسە ئېتىش، ھەمكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇش جەھەتلەردە زامانىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىكى نۇرغۇن ماھارەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن، ھازىرقى خەلقئارا كالتەك توپ مۇسابىقىسىنى كۆرىدىغان بولساق ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كۆيەك توپ ئويۇنىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ (گەرچە ۋاقتى ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان بۇ خىل مەدەنىيەت مىراسىنى خاتىرىلەپ قويۇشنى زۆرۈر تاپتىم).

(ئاپتور: ئاۋات ناھىيەلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپ پېنسىيونېرى)



# ئەنئەنىۋى تۆشۈك جابدۇقى ــ ئەلگەك

مۇھەممەدجان تىلىۋالدى

ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش قورالى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۇلاردىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ كەلگەن. ئەلگەك ئەنە شۇنداق ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدە تاماق ئېتىش ۋە نان يېقىش ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان بۇغداي، قوناق، تېرىق، ئارپا ئۇنلىرىنى تاسقاپ، ئۇنىڭدىكى كېپەك ۋە بەزىبىر ئارىلاشمىلارنى ئايرىش، قىسمەن ئەھۋاللاردا سۈت ۋە سۇ سۈزۈش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى تۆشۈك جابدۇقلىرىنىڭ بىرىدۇر.

خەلقىمىز قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەلگەك ئىشلىتىپ كەلگەن. بىز بۇنى مەھمۇد كاشغەرىينىڭ شاھانە ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى: «تاك ~ (تولدۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ) ئەلگەك. ئارغۇچە» (دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 3-توم، 485-بەت)، «ئۇ كېپەكنى تاسقاتتى، يەنى ئۇننى كېپەكتىن ئايرىشقا بۇيرۇدى، ھەرقانداق نەرسىنى تاسقىتىش ۋە ئەلگىتىشكىمۇ مۇشۇ سۆز ئىشلىتىلىدۇ» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1-توم، 295-بەت) دېگەن بايانلاردىن ئېنىق بىلىۋالالايمىز.

ئەلگەكتە تاسقالغان ئۇننىڭ سۈپىتى ياخشى، پاكىز ھەم ئىنچىكە بولۇپ، ھەر خىل كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. شۇڭا ئىشچان ئۇيغۇر ئاياللىرى تۈگمەندە تارتىلىپ بولغان ئۇنلارنى ئاز-ئازدىن ئاۋۋال شالاڭ ئەلگەككە تۆكۈپ، ئالدىرىماي تاسقاپ بىر ئۆتكۈزىدۇ، ئاندىن قېلىن ئەلگەككە تۆكۈپ قايتا بىر قېتىم تاسقاپ، ئەلگەكنىڭ ئۈستىدىكى ئۇننىڭ كېپەكلىرىنى ئايرىۋېتىپ تاسقىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولغان ساپ ئۇن قىسمىنى ئايرىۋېلىپ، ئاندىن ئىستېمال
قىلىپ ئادەتلەنگەن.

ئۇيغۇرلار ئەلگەك ياسايدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى-
نى «ئەلگەكچى»، ئەلگەك ياساش ئىشى، ئەلگەك ياساش
كەسپىنى «ئەلگەلچىلىك» دەپ ئاتايدۇ («هازىرقى زامان
ئۇيغۇرتىلىنىڭ ئىزاهلىق لۇغىتى» 93-بەت). ئەلگەك قۇ-
رۇلما جەھەتتىن ئەلگەك قاسقىنى ۋە تاسقاش تورىدىن
تەشكىل تاپىدۇ. ئەلگەك قاسقىنى ئىلگىرىكى زامانلاردا
«ئەندىغ» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ھەقتە مەھمۇد كاشغەرىي
«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تە «ئەندىغ ~ ئەلگەك ۋە غەل-
ۋىرگە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قاسقىنى» («دىۋانۇ لۇغە-
تىت تۈرك» 1-توم، 160-بەت) دەپ ئۇچۇر مەلۇمات
بەرگەن. ئىلگىرىكى زامانلاردا تاسقاش تورى ئات قىلى-
دىن ياكى يىپەكتىن توقۇلاتتى، هازىر جەمئىيەت تەرەققىيا-
تىغا ئەگىشىپ سىم تور ۋە خىمىيۋى تالالىق يىپلاردا تو-
قۇلىدىغان بولدى، ئەلگەك ئادەتتە سۆگەت دەرىخىنىڭ
نېپىز تىلىنىپ قۇرۇتۇلغان سۆگەت پىنى تەپتى تۆۋەن قو-
قاسقا قاقلىنىپ، سىپتىلىق بىلەن چەمبەر شەكلىدە ئېگىلىپ
قاسقان ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ، قاسقان تېگىگە تاسقاش
تورى بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

ئەلگەك قاسقانلىق ئەلگەك، تاققۇلۇق ئەلگەك،
تەسچە ئەلگەك دەپ تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. قاسقانلىق
ئەلگەك قىل ئەلگەك دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇنداق ئەلگەك
قېلىن ئەلگەك ۋە شالاڭ ئەلگەك دەپ ئىككى تۈرگە ئاي-
رىلىدۇ، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا بۇغداي ئۇنى قېلىن ئەلگەك-
تە، قوناق، تېرىق، ئارپا ئۇنلىرى شالاڭ ئەلگەكتە تاسقى-
لىدۇ.

تاققۇ ئەلگەك — ئۇستى ئوچۇق ساندۇقچە ئىچىگە
قىل تور بېكىتىلىپ تۇتقۇسىدىن تۇتۇپ ئالدى-كەينىگە
هەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇن تاسقىلىدۇ، كۆپرەك نا-
ۋايخانا، ئاشخانىلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

تەسچە ئەلگەك — قۇرۇلمىسى تاققۇ ئەلگەككە ئاسا-
سەن ئوخشاش بولسىمۇ ساندۇقچىسى چوڭراق، بىر قېتىم-
دا تاسقىلىدىغان ئۇن مىقدارى كۆپرەك بولۇپ (بىر ئادەم
بىر كۈندە تەخمىنەن 1000 جىڭ ئەتراپىدا ئۇننى تاسقىيا-
لايدۇ)، ئاستىغا تەپكە ئورنىتىلغان، ئادەم ئورۇندۇقتا
ئولتۇرۇپ ئىككى پۇت بىلەن تەپكىنى نۆۋەتلەشتۈرۈپ
تېپىپ بەرسە ساندۇقچە سىلكىنىپ ئۇن تاسقىلىدۇ.

ئەلگەكنى بەزى جايلاردا «ئەگلەك» دەپمۇ ئاتاي-
دۇ. بۇ خىل ئاتاش «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىمۇ ئۇچ-
رايدۇ. مەسىلەن، «ئەلگەشتى: ئۇ ماڭا ئۇن ئەگلەشتى.
ئەگلەشتە بەسلىششىكىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ» («دىۋانۇ لۇ-
غەتىت تۈرك» 1-توم، 317-بەت)، «ئەلگەلدى ~ ئەگ-
لەندى، تاسقالدى. ئۇن ئەلگەلدى، باشقىلاردىمۇ
شۇنداق.» («دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1-توم، 332-بەت)،
«ئەلگەندى ~ ئەلگىدى، تاسقىدى. خوتۇن (ئۆزى
ئۈچۈن ئۇن ئەلگىدى،. ئۇن تاسقىدى» («دىۋانۇ لۇغە-
تىت تۈرك» 1-توم، 338-بەت)، «ئەلگەتتى ~ ئەلگەت-
تى، تاسقاتتى. ئۇ ئۇن ئەلگەتتى» («دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك» 1-توم، 349-بەت). بۇ بايانلاردىن ئايانكى،
ئەجدادلىرىمىز مەيلى «ئەلگەك» دېسۇن ياكى
«ئەگلەك» دېسۇن، تۇرمۇشىدا بۇ تۆشۈك جابدۇقىدىن
ئايرىلمىغان.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەلگەككە مۇناسىۋەتلىك بولغان
ماقال-تەمسىللەردىن «ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ»،
«ئەل ئاغزىغا ئەلگەك تۇتۇپ بولماس»، «ئەلگەك قاققۇ-
چىلىقىڭ بولسا ئەرگە تەگ»، «ئەلگەككە ئۇن تاپقان تا-
ماققا تۇز تاپار» دېگەنگە ئوخشاش ماقال-تەمسىللەر بار
بولۇپ، بۇ ماقال-تەمسىللەردە قىلىۋاتقان ياكى قىلماقچى
بولغان ئىشنى ئاياغلاشتۇرماي تۇرۇپ، باشقا بىر ئىش
بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىدىغان كىشىلەرنىڭ بىغەم، بې-
پەرۋالىقى، ھەر بىر ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆزدە ئەل-
جامائەتتىن ئاگاھ بولۇش كېرەكلىكى، ئېرى ۋە ئائىلىسى
بار خوتۇننىڭ ھەر ۋاقىت كۆڭلى پۈتۈن بولۇپ ھېچ نەر-
سىدىن غەم يېمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا كۈچ-مادارى بار
ئايال ياتلىق بولۇپ بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇشى كېرەكلى-
كى، بىرەر نەرسىنىڭ ئېپىنى قىلسا قولغا كەلتۈرگىلى بول-
مىغانلىقى ناھايىتى ئوبرازلىق، قىسقا ئىبارىلەر بىلەن ئىپا-
دە قىلىنغان، ئەل ئىچىدە «ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپ-
تۇ» دېگەن ماقالىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر ئىبرەتلىك
چۆچەكمۇ كەڭ تارقالغان:

بۇنىڭدىن ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى بىزدىن يىراق
ماكاندا بىر يۇرت بولغانىكەن، ئاشۇ يۇرتتا بىر ئايال
ئۆتكەن بولۇپ، ئۇ ئايالغا ئاتىسىدىن كىچىك ئايرىلىپ
قالغان بىر ئۆگەي قىزى ھەمراھ بولۇپ ياشايدىكەن.
قىزنىڭ ئىسمى سارە ئىكەن، سارە ئاق كۆڭۈل، ئىشچان

2017.2



قىز بولسىمۇ، ئەمما ئۆگەي ئانىسى رازى بولماي دائىم ئۇنىڭغا تولىمۇ رەھىمسىزلىك قىلىدىكەن، ئۆيدىكى چوڭ-كىچىك ئىشلارغا سالغاندىن سىرت، تالا-تۈزنىڭ ئىشلىرىدىمۇ شۇ قىزنى بۇيرۇيدىكەن، سارەنىڭ ئەھۋالىنى قولۇم-قوشنىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىلىدىكەن، لېكىن ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمايدىكەن، چۈنكى كىم سارەنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ گەپ قىلسا، سارەنىڭ ئۆگەي ئانىسى شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ ئارام بەرمەيدىكەن.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، سارە بويىغا يېتىپ، ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز بوپتۇ، قولۇم-قوشنىلار سارەنى ئۆزلىرىگە كېلىن قىلىپ، ئۇنى ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ، ئۆگەي ئانا سارەدىن ئايرىلىپ قالسا ئۆزىنىڭ جاپا تارتىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كەلگەن ئەلچىلەرنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ، ئەلچى كەلگەن كۈندىن باشلاپ ئۆگەي ئانا قىزنى ئۆيىگە سولاپ تالا-تۈزگە چىققىلى قويماپتۇ، بۇ ئىشمۇ ئەلچىلەر ئارقىلىق يۇرتقا تارقىلىپتۇ.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئۆگەي ئانا ئەلگەك ئىشلەتمەلچى بولۇپ قاپتۇ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئەلگەك بولمىغاچقا قوشنىلاردىن سوراشقا مەجبۇر بوپتۇ، ئۆگەي ئانا قوشنىلىرى بىلەن ئەپ ئۆتمىگەچكە ئۆزى چىقىشقا ئامالسىز قېلىپ، سارەنى قوشنىلاردىن ئەلگەك سوراپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ.

سارە ئىلگىرى ئەڭ يېقىن ئۆتىدىغان قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئەلگەك سوراپ چىقىپتۇ، ئۇ قوشنىسىمۇ سارەنىڭ ئاق كۆڭۈل، ئىشچان، ياخشى قىز ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە بەكمۇ كېلىن قىلىۋالغۇسى بار ئىكەن، لېكىن ئۆگەي ئانا سارەنى ئۆيگە سولاپ سىرتقا چىقارمىغاچقا، سارە بىلەن كۆرۈشەلمەي، ئۆز مەقسىتىنى سارەگە بىلدۈرەلمەي يۈرگەنىكەن. ئۇ سارەنىڭ ئەلگەك سوراپ كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆز كۆڭلىگە پۈككەنلىرىنى سارەگە ئېيتىپتۇ، سارەمۇ ئۇ قوشنىسىنىڭ ئوغلى بىلەن كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغاچقا، ئۇ بالىنى ياقتۇرىدىكەن، شۇڭا بۇ ئائىلىگە كېلىن بولۇشقا قوشۇلۇپتۇ، ئۇلار ئىككىسى كېلىشىپ يەنە بىر نۆۋەت ئەلگەك سوراپ كىرگەندە ھەممە ئىشنى پۈتتۈرمەكچى بوپتۇ.

سارە ئەلگەكنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپ كىرگەندە ئۆگەي ئانىسى ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت يوقاپ كەتكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ:

— ئەلگەك ئېلىپ چىقىشقىمۇ شۇنچە ۋاقىت كېتەمدۇ؟ — دەپتۇ. سارە:

— ئەلگەك سوراپ نەچچە قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرسەم يوق ئىكەن، بىر قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرسەم ئەلگەكنى ئىشلىتىۋاتقانىكەن، بىكار بولغۇچە ساقلاپ كېچىكىپ قالدىم، — دەپتۇ.

ئارىدىن يەنە نەچچە كۈن ئۆتۈپتۇ، ئۆگەي ئانا سارەنى يەنە ئەلگەك سوراپ كىرىشكە بۇيرۇپتۇ. سارە يەنە ھېلىقى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئەلگەك ئالغىلى كىرىپتۇ، ئۇ قوشنىسى سارە بىلەن دېيىشىپ بولغاندىن كېيىن، توينىڭ تەييارلىقىنى جىددىي پۈتتۈرۈپ، سارەنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن، سارە كىرىشى بىلەن ئۇلار مەسچىتنىڭ ئىمام، مەزىنلىرىنى چاقىرىپ نىكاھ ئوقۇتۇپ، ناغرا چېلىپ تويىنى باشلىۋېتىپتۇ.

ئۆگەي ئانا سارەنى ساقلاپ ئولتۇرۇپتۇ، ئولتۇرۇپتۇ، لېكىن سارە كىرمەپتۇ. بىر چاغدا ئۇ سىرتتىكى ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن توي بولۇۋاتقان قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرسە سارە بىر چىرايلىق ياسىنىپ ئولتۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن

www.uyghurkitap.com



ئۆگەي ئانا ھەيران بولغان ھەم ئاچچىقلانغان ھالدا:

— مەن سېنى ئەلگەك ئېلىپ چىق دېسەم بۇ يەردە نېمە قىلىپ ئولتۇرىسەن؟ — دەپتۇ.

سارە جاۋاب بەرگۈچە سارەنى كېلىن قىلىۋالغان قوشنىسى ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ:

— ھازىر سارە بىلەن ئوغلۇمنىڭ تويى بولۇۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

ئۆگەي ئانا بۇنى ئاڭلاپ بىر ھازا بىشەملىك قىلغان بولسىمۇ ئاقماپتۇ، چۈنكى ئەل-جامائەت سارە تەرەپ بولۇپ سۆزلەپتۇ، ئۆگەي ئانا ئاخىرى ھەرقانچە قىلىپمۇ سارەنى تۇتۇپ قالالمىغانلىقىغا خاپا بولۇپ:

— سەن جۇۋاينىمەكنى ئەلگەك ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇسام، بۇ يەردە ئەرگە تېگىپ ئولتۇرۇپسەن، خەپ سېنى... — دەپ خاپا بولۇپ كوتۇلدىغىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ.

سارە شۇنىڭ بىلەن ئۆگەي ئانىسىنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىنلىككە چىقىپتۇ، بۇ ئىش ھېكايەت بولۇپ ئەل ئىچىگە تارايتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، «ئەلگەككە چىقىپ ئەرگە تېگىپتۇ» دېگەن ماقال سارەنىڭ ئاشۇ كەچۈرمىشىدىن قېلىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەنىكەن...

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا يەنە ياخشى-يامانىنى ئوبىيېكتىپ ئۆلچەملەر ئارقىلىق ئەستايىدىل ئايرىماقنى ئەلگەكتە ئۇن تاسقاش ھەرىكىتىگە ئوخشىتىشتىن شەكىللەنگەن «ئەلگەكتىن ئۆتكۈزمەك»، ئادەتتىكى ئۆلچەملىك تەكشۈرۈش، باھالاش ياكى پارلاش، ئىلغاشلاردىن ئۆتۈپ «لاياقەتلىك» بولۇپ تۇرغان، ئەمما يۇقىرى ئۆلچەم، ئەستايىدىل تاللاشلاردىن ئۆتەلمەسلىكنى كۆرسىتىدىغان «ئەلگەكتىن ئۆتەلمىگەن»، ئىش-ھەرىكەتنىڭ تەرتىپ-تۈزۈملىرىگە پەرۋا قىلماي، پىلانسىز چۇۋالچاق ئىشلىمەكنى كۆرسىتىدىغان «ئەلگەكتىكىنى چېلەككە تۆكۈپ يۇرمەك» (ئەلگەككە ئېلىنغاننى قائىدە بويىچە سۈپۈرگىغا تاسقاش كېرەك ئىدى، مۇشۇنداق قىلغاندا ئىش بولۇشقا تېگىشلىك تەرتىپى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان بولىدۇ، مەزكۇر ئىبارە مۇشۇنداق تۇرمۇش ئاساسىدىن كېلىپ چىققان) دەيدىغان ئىدىيوملارمۇ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلاردا ئەلگەككە مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان پەرھىز-ئادەتلەر بار. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار كېچىسى ئەلگەك سوراشتىن پەرھىز قىلىدۇ، ئۇيغۇرلار «كېچىسى ئەلگەك سورىسا، بالىسى ئالغاي بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەلگەكنى ئۇن بىلەن قويۇپ قويۇش، ئەلگەكنى دۈم قويۇش چەكلىنىدۇ، يالاڭباشتاق ئەلگەكتە ئۇن تاسقاشنى يامان كۆرىدۇ، ئۇن تاسقىغاندا ئەلگەكتە كېپەكنى قويۇپ قويمايدۇ، ئەلگەكنى ئۇرۇپ قاقمايدۇ، ناۋادا مۇشۇنداق قىلسا ئۆي نامراتلىشىپ كېتىدۇ دەپ جورۇيدۇ، ئەلگەكنى توپا-چاڭ قوندۇرماي پاكىز تۇتۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەلگەكتىن ئاتلاپ ئۆتىدىغان، دەسسەيدىغان ئىشلاردىن چەكلىنىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە زامانىۋى ئۇن زاۋۇتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن شەھەرلەردە ئەلگەك بارا-بارا تۇرمۇش ئىستېمالىدىن قېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا-قىشلاقلىرىدىكى كەڭ دېھقان، چارۋىچىلار ئائىلىلىرىدە ئەلگەكنى يەنىلا تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان تۆشۈك جابدۇقى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كەلمەكتە. دېمەك، ئەلگەك تۇرمۇشىمىزدا ئىشلىتىلىش ئىزچىللىقىنى ساقلاپ، ئۆزىنىڭ قىممەت-ئېتىبارىنى يۇكسەلدۈرۈپ كېلىۋاتقان مۇھىم مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1) مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىلى نەشرى.

2) مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىلى 1-نەشرى؛

3) ھەمدۇللا ئابدۇراخمان ئىمام قاتارلىقلار تۈزگەن: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2011-يىلى 1-نەشرى.

4) ئەزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن تۈزگەن: «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىلى 1-نەشرى.

5) راجىھ ئابدۇرېشىت ئىبراھىم تۈزگەن: «ئىبرەتلىك چۆچەكلەر»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2011-يىلى 1-نەشرى.

6) ھارۇت رەسۇل قادىرى: «شەرھ ئىدىيوم» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىلى 1-نەشرى.

7) «پەيزاۋات تارىخ ماتېرىياللىرى» (3-توپلام) 2012-يىلى 9-ئاي باسمىسى.

(ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە گۈللۈك يېزا ئاقتۇقاي كەنتىدە، دېھقان)



# خەلقىمىزدە تۇماقچىلىق

غەيرەتجان رۇسۇل سابىت



ئۆزگىچە ۋە يارىشىملىق كىيىم - كېچەك بىر مىللەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋە شۇ مىللەت ئادەملىرىنىڭ چىراي گۈزەللىكى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى تېخىمۇ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان مۇھىم ۋاسىتىدۇر. شۇ ۋەجىدىن خەلقىمىز ئەزەلدىن باش كىيىمگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن ھەم ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى، جۇغراپىيەلىك شارائىتى ۋە يەرلىك ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئاساسەن تىكىپ كىيگەن ۋە ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس قالدۇرغان. شۇڭا يېپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولغان قەشقەر، يەكەن، كۇچا، يېڭىسار، خوتەن، ئاتۇش، كېرىيە قاتارلىق يۇرتلاردا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزى ياشاۋاتقان جاينىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلىدىن، پەسلگە قاراپ كىيىم كىيىشنى ئادەت قىلغان ۋە ئاشۇ ئېھتىياج تۈپەيلىدىن ئەرلەر قىشلىق باش كىيىم ئۈچۈن، ئاشلانغان ئېسىل تېرىلەردىن تۇماق، تۆپە، قۇلاقچا قاتارلىقلارنى تىكىپ كىيگەن، شۇ ۋەجىدىن خەلقىمىزنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە باش كىيىمنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئەرلەر تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىمىغان باش كىيىملەرنى كىيىشكە، ئاياللارمۇ ئومۇمەن بېشىغا ھەر خىل ياغلىقلارنى ئارتىپ ياغلىق ئۈستىگە تۇماق كىيىشكە ئادەتلەنگەن.

ھازىرغىچە مەلۇم بولغان، خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى قىشلىق باش كىيىمى بولغان، تېرىدىن ئىشلەنگەن تۇماق نۇسخىلىرى 30 نەچچە خىلدىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى: سالۋا تۇماق، كېرىيە سالۋا تۇمىقى، يەكەننىڭ كاچۇك تۇمىقى، مۇغەمبەر تۇماق، سۇلۇنچە ئاق تۇماق، يازلىق ئاق تۇماق، ئاتۇش ئاق تۇمىقى، دۇمچە تۇماق، باي تۇمىقى، كەمچەت فورما تۇماق، كەمچەت مەخسۇمچە تۇماق، سەرپۇش تۇماق، كىرپىك سەرپۇش تۇماق، سىم قاما فورما تۇماق، سىم قاما مەخسۇمچە تۇماق، سىم قاما سەرپۇش تۇماق، ئايالچە كەمچەت تۇماق، ئاق سالۋا تۇماق، قارا سالۋا تۇماق، ھەسلى سالۋا تۇماق، ئالا بەل تۇماق، خوتەن تەلپىكى، تۈلكە تۇماق، تاشمىلىق تۇمىقى، ئاتۇش كۆرپە تۇمىقى، قارا كۆرپە قۇلاقچا، ھەسلى كۆرپە قۇلاقچا، كۆك كۆرپە قۇلاقچا، نوركا قۇلاقچا ھەم شۇنداقلا يەكەننىڭ كاچۇك، قوشراپ، دامسى، چارەك، بەشكەنت قاتارلىق يېزىلىرىدا ۋە يېڭىسارنىڭ ساغان، يېڭىيەر، قىزىل، توپلۇق، سۆگەت قاتارلىق يېزىلىرىدا بىر قەدەر ئومۇملاشقان كاچۇك تۇمىقى، كاچۇك سەرپۇش تۇمىقى، چارەك ئاق تۇمىقى، قارا كۆرپە تۇماق، كەمچە فورما تۇماق، ساغان تۇمىقى، قارا سالۋا تۇماق قاتارلىقلارنىڭ تارىخىنىڭ بىر قەدەر ئۇزاقلىقى، كۆرۈنۈشىنىڭ كۆركەملىكى بىلەن بىر قەدەر ئومۇملاشقان، خەلقىمىز ھازىرغىچە ئەتىۋارلاپ كىيىۋاتقان داڭلىق بولغان تۇماقلاردۇر.

ئۇزاق ئەسىرلىك تارىختىن بۇيان، ئەجدادلىرىمىزنىڭ رايون پەرقى، كەسپىي پەرق، ياش قورام پەرقى تۈپەيلىدىن، باش كىيىملىرىمىز، جۈملىدىن تۇماق تۈرلىرىمىز ھەر خىل، كۆپ خىللىشىپ كەتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ كىيگەن باش كىيىمگە قاراپلا شۇ كىشىنىڭ قەيەرلىك ئىكەنلىكىنى،

www.uyghurkitap.com



ھەتتا نېمە كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى، ياش-قۇرامە-
نى بىلگىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە كاچۇك تۇمىقى،
ساغان تۇمىقىنىڭ شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، بۇ تۇماقلاردا
ھەر خىل قەدىمىي نۇسخىلار ئۆز ئەينەن دېگۈدەك ساقلى-
نىپ قالغان، بۇ تۇماقلار ئاساسەن ئالاھىدە ئېسىل قوزا
تېرىسىدىن تىكىلگەچكە، شەكلى كۆركەم، ھەم ئېگىز ھەم
جەلپكار بولىدۇ، ئادەتتە بۇ تۇماقنىڭ ئېگىزلىكى 35-40
سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ.

ھازىر تۇماق تىكىلىدىغان خام ئەشيا مەنبەلىرىمۇ
بارغانسېرى موللىشىپ بارماقتا، بۇرۇن تۇماق تىكىلىدى-
غان كۆرپە مەنبەسى كۇچانىڭ داغلىق قارا كۆرپىسى
بولۇپ، بۇنداق كۆرپىگە يېڭى تۇغۇلغان قوي قوزىلىرى-
نىڭ تۇم قارا ھەم مويى گىدە (بۇدرە) كەلگەنلىرى ماتېرى-
يال قىلىناتتى، شۇڭا چارۋىچىلار بۇ خىل قويدىن بىر يىلدا
ئىككى قېتىم تۆل ئالغاچقا، قوزىنى تۇغۇلۇشى بىلەنلا تې-
رىسى تۇماق تىكىشكە باب، مويى بۇدرە ھەم تۇم قارا
كەلسە، شۇ ھامان بوغۇزلاپ تېرىسىنى سويۇۋېلىپ،
ئاشلاپ (پىششىقلاپ) كۆرپە قىلسا، يەنە بىر قوزىنى
ئاسراپ قاتارغا قوشۇپ، كۇچا كۆرپىسىنىڭ مەنبەسى
بولغان بۇ خىل قوينىڭ نەسلىنى ساقلاپ قېلىپ كۆپەيتىش-
كە تىرىشىپ كەلگەن، شۇڭا خام ئەشيا مەنبەسى قىس
بولۇپ، تۇماق تولىمۇ ئەتىۋارلىق بۇيۇمغا ئايلانغان ھەم
بىر قىسىم بايلارلا بۇنىڭدىن مەنپەئەتلەنگەن، ھازىر چار-
ۋىچىلىق ئىشلىرىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە،
بۇ خىل تۇماق ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان كۆرپە تېرە
ئاقسۇ، ئاۋات، توقسۇ، لوپنۇر، چىرا، نىيا، كېرىيە، يېڭى-
سار، مەكىت، كاچۇك قاتارلىق ناھىيە-شەھەر، يېزىلاردى-
مۇ كۆپلەپ چىقىدىغان بولۇپ، تۇماق مەدەنىيىتى تەرەققى-
ياتىغا كۈچلۈك ئاساس يارىتىپ بەردى.

ئەجدادلىرىمىزدا تۇماق مەدەنىيىتى زامانلاردىن
بۇيان ئۇدۇم بولۇپ كېلىۋاتقان بولۇپ، ئۇ ئاساسەن ئە-
رەنچە ۋە ئايالچە، دەپ ئىككى خىل نۇسخىدا تىكىلىپ
كەلدى، ئەرەنچە نۇسخا ئاستى-ئۈستى كۆپ پەرقلىنىپ
كەتمەيدىغان نۇسخىدا تىكىلىدۇ، ئايالچە نۇسخا ئىلگىرى
مەزلۇمچە كۆرپە تۇماق، دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۈستى
تەرىپى ئاستى تەرىپىگە قارىغاندا بىر قەدەر ئىنچىكىرەك
تىكىلىدۇ، ئىچىگە ئادەتتىكى تېرىدىن ئەستەر قىلىنىپ،
ئەستەر تېشىغا ئىككى-ئۈچ سانتىمېتىرغىچە كۆرۈنۈپ تۇ-
رىدۇ، شەكلى كۆركەم، ئىنچىكە، ئەۋرىشىم كېلىدۇ،
تۇماق ئەزەلدىن ئەتىۋارلىق بۇيۇم بولغاچقا، تاكى ھازىر-
غىچە كۆپ قىسىم جايلاردا قىز-يىگىت توي قىلسا، تۇماق-
مۇ ئالاھىدە تويلۇق مال قاتارىدا بۇيرۇلىدىغان ئادەت
ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە، بىر قىسىم جايلاردا
ياخشى كۆرىدىغان كىشىسىگە، يىراقتىن كەلگەن ئەزىز
مېھمانلارغا ئالاھىدە ھۆرمەتلەپ، تۇماق سوۋغا قىلىدىغان
ئادەت ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

ھازىرمۇ تۇماقنىڭ تۈرلىرى كۆپ خىل، رەڭگارەڭ
بولۇپ، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا، بولۇپمۇ
مەكىت، يەكەن، قەشقەر، مارالبېشى، كۇچا، ئاۋات، يېڭى-
سار، خوتەن، كېرىيە قاتارلىق جايلاردا تولىمۇ ئەتىۋارلىق
باش كىيىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىسالەن ئالساق، «ئون
ئىككى مۇقام»نىڭ مەنبەسى بولغان «دولان مۇقامى»،
«كاچۇك سەنىمى»، «كېرىيە مەشرىپى»نى ئورۇندايدى-
غان مۇقام ئەلنەغمىچىلىرى ئەنئەنىۋى تۇماق مەدەنىيىتى-
مىزنىڭ جۇلالىق نۇسخىسىدىكى بۇ خىل كۆركەم، يارى-
شىملىق تۇماقلارنى كىيىپ، سەھنىلەردە مۇقاملارنى ياڭ-
رىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىغا، دۇنيا خەلقىگە بەدىئىي
زوق بېغىشلاۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە ئاياندۇر.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، تۇماق مەدەنىيىتىمىز تې-
خىمۇ تەرەققىي قىلىپ، شەكلى ۋە كۆركەملىكى تېخىمۇ
جەزبىدارلىشىپ، تۇماقچىلىق كەسپىي تەرەققىياتى تېخىمۇ
ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولماقتا ھەمدە نۇرغۇن جايلاردا
ئېلىپ سېتىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، سانائەت تەرەققىياتى-
نىڭ تۈرتكىسىدە، ھازىر بۇ خىل تۇماقلار سۈنئىي ماتېرى-
ياللارنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، تۈرى يەنىمۇ كۆپ خىللى-
شىپ، ياشانغانلارغا ۋە ياشلارغا لايىق يەڭگىل ۋە
ئىسسىق بولغان سەرپۇش تۇماق، تاشلىق دۇمچە تۇماق،
نوركا قۇلاقچا، كەمچەت فورما تۇماق، تۈلەك تۇماق قا-
تارلىق تۇماقلارغا ۋە كۆرپە قۇلاقچا، سۇلۇنچە كۆرپە
قۇلاقچا دەپ ئاتىلىدىغان قۇلاقچىلارغا تەرەققىي قىلىپ،
ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا ئەنئەنىۋى باش
كىيىمىمىزنىڭ جۇلاسى بولغان تۇماق مەدەنىيىتىمىزگە ۋا-
رىسلىق قىلىش، بۇ مىراسىمىزنى قوغداش، ئۈزلۈكسىز تە-
رەققىي قىلدۇرۇش — ھازىرقى زاماندىمۇ، كەلگۈسىدىمۇ
چەكسىز ئىستىقبالىغا ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە.

(ئاپتور يەكەن ناھىيەلىك 4-ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# تونۇر

ئابدۇۋەلى مەتقۇربان

**ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى — تونۇر**

**1. «تونۇر» سۆزىنىڭ ئېنىقلىمىسى**

تونۇر — ئەجدادلىرىمىزنىڭ يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىدە يېمەكلىك پىشۇرۇش (گۆش، كاۋاپ، نان، سامسا) قورالى. مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك خاسلىقىنى مۇجەسسەملىگەن. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى نامايەندە قىلىدىغان ماددىي مەدەنىيەت شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

**2. تونۇرنىڭ تۈرلىرى، ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار ۋە ياساش ئۇسۇلى**

تونۇر ئادەتتە ياسىلىش ماتېرىيالىنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى سەۋەبىدىن سېغىز تونۇر، شور تونۇر، پىششىق خىشلىق تونۇر، ئىدىش تونۇر ۋە ئالدى ئوچاق دەپ بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) سېغىز تونۇر — بۇ تونۇر ئاساسەن سېغىز بىلەن ياسالغانلىقى ئۈچۈن سېغىز تونۇر دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل تونۇرنى ياساشتا ئالدى بىلەن كېرەكلىك بولغان ماتېرىياللارنى تەييارلايمىز، سېغىز (سېرىق سېغىز ياكى كۆك سېغىز بولسىمۇ بولىدۇ) شېغىل، يۇڭ، تۇز سۈيى، پىششىق خىش، سۇ، سامان قاتارلىقلار لازىم بولىدۇ.

سېغىز توپا — سېغىز توپا باشقا ئەبجەش ماددىلار ئۇقمايدىغان پاكىز يەرگە تۆكۈلىدۇ، ئاندىن ئارىسىدىكى تاش پارچىسى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ پارچىلىرىنى ئايرىۋېتىش ئۈچۈن غەلۋىردە تاسقىۋېتىلىدۇ، ئاندىن سېغىز توپىنى سۇ قۇيۇپ يۇمشىتىمىز.

شېغىل — شېغىل ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن قۇمسىز، توپىسىز، باشقا ئارىلاشما ماددىلار ئارىلاشمىغان بولۇشى كېرەك. ئەگەر شېغىل پاكىز بولمىسا سۇ بىلەن توپىنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىمىز، ئاندىن بارماقتەك چوڭراقلىرىنى بىر ياققا، ئۇنىڭدىن ئۇششاقراقلىرىنى يەنە بىر تەرەپكە ئايرىۋېتىمىز.

يۇڭ — چۈۋۇق بىلەن ئۇرۇپ (ساۋاپ) يېڭى ئاتقان پاختىدەك يۇمشاق ھالەتكە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

تۇز سۈيى — يوغانراق داسقا ياكى ئېغىزى چوڭراق چېلەككە شور تۇز سالىنىپ تەييارلىنىدۇ. ئاخىرىدا تونۇر سالماقچى بولغان ئورۇن (شەرت-شارائىت ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزى تاللىسا بولىدۇ) لايىھەلىنىپ بۇ جاينى تۈز، تەكشى قىلىپ تەييارلاپ ئازراق سۇ چېچىلىدۇ، ئاندىن تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن تونۇرنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشى باشلىنىدۇ، ئالدى بىلەن تۈزلەپ سۇ چاچقان يەرگە پىششىق خىشلارنى تونۇر سالماقچى بولغان ئورۇنغا يۇملاق شەكىلدە تىزىلىپ تونۇرنىڭ ئۇلى ياسىلىدۇ. تونۇرنىڭ ئۇلى ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن سېغىزنى تاغار ياكى خىمىيەۋى ئوغۇت خالتىسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ

uyghurkitap.com



مەلۇم مىقداردا شېغىل ھەم يۇڭ قاتارلىقلار بىلەن ئارلاشتۇرۇپ ئۈستىنى دەسسەپ چىڭدايمىز (پىشۇلدۇرىمىز) ئۇنى چىڭداپ بولغاندىن كېيىن ئالقانچىلىك چوڭلۇقتا بۆلۈپ، چاسا شەكىلگە كەلتۈرۈپ ئايرىم-ئايرىم ياسايمىز. ئاندىن خىش ئۇلنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە قويىمىز، ئاندىن ئۇنىڭ (سېغىز لاي) ئۇلۇڭ تەرەپ ئۇچىغا تۇز سۇيىنى سېپىپ سەل يۇمشىتىپ، ئىككى قول بىلەن مۇجۇپ (سىقىپ) تەكشى ھالدا ئەسلىدىكى قېلىنلىقتىن يېرىم ھەسسە نېپىزلىتىمىز، ئاندىن يەنە بىر پارچە پىشۇرۇلغان ئالقانچىلىك چوڭلۇقتىكى سېغىز پارچىسىنى باشتا قويۇلغان سېغىز پارچىسىغا چاپلاشتۇرۇپ، گويا ھېچقانداق چېتىشلىقى بولمىغاندەك شەكىلگە كەلتۈرىمىز. باشقا پىشۇرۇلغان ئالقانچىلىك چوڭلۇقتىكى سېغىز پارچىلىرىمۇ شۇ ئاساستا قويۇلۇپ، تونۇرنىڭ بىرىنچى قۇرى سېلىنىدۇ. ئىككىنچى قۇرىغا كەلگەندە بىرىنچى قۇرنىڭ ئۈستىنى تۇز سۇيىنىڭ يارىدىمىدە يۇمشىتىپ ئۈستى قىسمىغا بىز باشتا ئايرىۋالغان بارماقتەك چوڭلۇقتىكى شېغىللارنى زىچ ۋە تەكشى ھالدا شېغىل توغۇرلىقىنىڭ يېرىمىغىچە پاتتۇرۇلۇپ سانجىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەييارلىۋالغان ئالقانچىلىك چوڭلۇقتىكى سېغىز لاي بىرىنچى قۇرنىڭ ئۈستىگە قويۇلىدۇ. مۇشۇ ئاساستا تونۇر دىيامېتىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن ئۈچىنچى، تۆتىنچى... قۇرلارنى قويسا بولىدۇ. سېغىز لايلارنى قويۇپ ئۈستىگە چىققانچە تونۇرنىڭ ئېغىزى ئەسلىدىكىدىن كىچىكلىتىلىدۇ، يەنى تونۇر ئېغىزىنىڭ دىيامېتىرى، تونۇر ئۇلىنىڭ دىئامېتىرىدىن خېلىلا كىچىكلەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا تونۇرنىڭ شەكلى خۇددى گۈمبەزنىڭ شەكلىگە ياكى تەتۈر قويۇلغان كۈپنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. تونۇر سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن تونۇرنىڭ سىرتقى يۈزى سامان لاي بىلەن تەكشى سۇۋۇلىدۇ. ئاندىن تونۇرغا كۈن نۇرىنىڭ چۈشۈپ ياكى ھۆل-يېغىندا قېلىپ بۇزۇلۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تاختايدا ياكى يالتىراق (سولياۋ) خالتىدەك دالدا بولغۇدەك نەرسىلەردە ئېغىزىنى يېپىپ قويساق بولىدۇ. شۇ جەرياندا بىر قانچە قېتىم تەكشى يۈزلۈك تاش ياكى خىشتەك نەرسىلەر بىلەن تونۇرنىڭ ئىچكى يۈز قىسمىدىكى ئېگىز-پەس يەرلەرنى تەكشىلىۋېتىمىز. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق تونۇر ئىچكى يۈزىنىڭ سىلىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، ناننىڭ ئۇلىغا (كەينىگە) سېغىز پارچىلىرىنىڭ چاپلىشىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى ھەم ناننىڭ تەملىك، مەززىلىك ۋە ياخشى پىشىشىغا ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

2) شور تونۇر — بۇ خىل تونۇرنىڭ ئاساسلىق ماتېرىيالى شور بولغانلىقى ئۈچۈن شور تونۇر دەپ ئاتالغان. ئالدى بىلەن شورنى ئېزىپ، غەلۋىردىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئاندىن تۇز، يۇڭ... قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ لاي ئېتىلىدۇ. ياسالماقچى بولغان تونۇرنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئاساسىدا قېلىپ ياسىلىدۇ. ئاندىن شور لاي كۆملاچ قىلىنىپ قېلىپنىڭ ئۈستىگە چاپلىنىپ ياسىلىدۇ. تونۇر پۈتكەندىن كېيىن قېلىپنى ئېلىۋېتىپ، شاخ-شۇمبا، چارۋا-سامان بىلەن ئىسلىنىپ قۇرۇتۇلىدۇ. ئاخىرىدا تونۇرنىڭ يۈزىگە چاپلىشىۋالغان توپىنى تەكشى يۈزلۈك تاش ياكى خىشتەك نەرسىلەر بىلەن قىرىپ تونۇرنىڭ ئىچكى يۈزى سىلىقلىنىدۇ.

3) پىششىق خىشلىق تونۇر — بۇ تونۇرنى ياساشتا ئاساسەن پىششىق خىش ماتېرىيال قىلىنغانلىقى ئۈچۈن پىششىق خىشلىق تونۇر دەپ ئاتالغان. بۇ خىل تونۇرنى ياساشتا ئوخشاشلا ئاۋۋالقى تونۇرلارنى ياساشتىكى قانۇنىيەتكە بويسۇنغان ئاساستا خىشنى بىر-بىرىگە چىشلەشتۈرۈپ، گۈمبەزگە ئوخشاش ياسايمىز. تونۇر ئۇلىنىڭ دىيامېتىرى چوڭ بولۇپ، ئېغىزىغا يېقىنلاشقانسېرى دىيامېتىرى كىچىكلىتىلىپ ياسالسا بولىدۇ، ئاخىرىدا تونۇرنىڭ سىرتقى يۈزى سېمونت لاي بىلەن سۇۋۇلىدۇ.

4) ئىدىش تونۇر — ئىدىش تونۇر ئادەتتە زاۋۇتتا ياسالغان ئىدىشنىڭ ئاستى تەرىپىنى تاش كېسىدىغان ئاپتوماتىك ھەرە بىلەن ھەرىدەپ دۈم كۆمتۈرۈپ (ئىدىشنىڭ ئاستى تەرىپى ئۈستى تەرەپكە قىلىنىپ) ئىشلىتىشكە قولاي، تۈز، تەكشى يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئىدىش تونۇرنىڭ ياسىلىشى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تونۇرلارغا قارىغاندا ئىشلىتىش دائىرىسى كىچىك (تار). پىششىق خىشلىق تونۇر بىلەن ئىدىش تونۇر ئاساسلىقى سېغىز توپا ۋە شېغىل توپا يوق جايلاردا ۋە شەھەر رايونلاردا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

5) ئالدى ئوچاق — ئادەتتە ئالدى ئوچۇق تونۇر

دەپ ئاتىلىدۇ. ئالدى ئوچاقنىڭ ياسىلىشىمۇ ئوخشاشلا،
يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تونۇرلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلىغا
ئوخشاپ كېتىدۇ. ياساشتىن بۇرۇن ئورۇننى مۇۋاپىق
تاللاپ ئۇلىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئادەتتە ئالدى
ئوچاقمۇ باشقا تونۇرلارغا ئوخشاش گۈمبەز ھالەتتە ياسىـ
لىدۇ. ئالدى ئوچاقنىڭ باشقا تونۇرلارغا ئوخشىمايدىغان
يېرى بولسا، شەكلى يۇملاق، چەمبەرسىمان بولماستىن
تاقا (∩ ئات، ئېشەك، قېچىر قاتارلىقلارنىڭ تۇيىقىغا قاقىـ
لىدىغان ئورغاق ئاي شەكىللىك تۆمۈر) شەكلىدە بولىدۇ.
ئالدىدىن ئوتۇن سېلىپ تاماق ئېتىپ يېيىشكە بولىدۇ. قاـ
زاننى ئېلىۋەتكەندىن كېيىن نان يېقىپ پىشۇرۇشقا بولىدۇ.
تونۇرغا ئوخشاش ئاستىدىن بىر ھاۋادان ئېچىلماستىن،
ئوتۇن سالىدىغان ئېغىزنىڭ قارشىسىدىكى ئۈستى تەرەپـ
تىن تۈتۈن چىقىپ كېتىدىغان كاناي ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.
دېمەك، ئالدى ئوچاقتىن پايدىلىنىپ قوش ئۈنۈمگە
(تاماق ئېتىش، نان يېقىش) ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئالدى
ئوچاق ئاساسلىقى يەكەن، پوسكام، قاغىلىق قاتارلىق ناـ
ھىيەلەردە كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

### 3. تونۇرنىڭ شەكلى ۋە تونۇرغا مۇناسىۋەتلىك ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى

تونۇر ئادەتتە يۇملاق، گۈمبەزسىمان شەكىلدە
يەنى دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان ئىدىشقا ئوخشايدۇ. ئىپتىـ
دائىي جەمئىيەتتە ئەجدادلىرىمىز ھاياتلىق سەپىرىگە قەدەم
باسقاندىن باشلاپ، ھەرقانداق زاماندا ئۆز ـ ئۆزىگە يول
باشلىغۇچى ئىلاھىي كۈچنىڭ ئاستىغا ئۇيۇشۇپ ھەر بىر



ھاياتلىق قەدىمىنى شۇ خىل ئېتىقادتىن ئايرىمـ
ىغان، بۇ خىل ئېتىقاد ئۇلارنىڭ مەنىۋى ۋە ماددىي
ھاياتىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. يەنى ئۇلار مەيلى
تەبىئەت ئېتىقادچىلىقىدا بولسۇن ياكى توتېم ئېتىـ
قادچىلىقىدا بولسۇن، ئۆزلىرى ئۇلۇغلايدىغان ھەر
بىر نەرسىنىڭ شەكلىنى ياكى قۇرۇلمىسىنى شۇ
ئىلاھنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە ماسلاشتۇرۇپ ياسىـ
غان ھەمدە ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي ئېتىقادچىلىق
ئىدىيەسى بىلەن ياشىغاندىن باشلاپ، نەچچە مىڭ
يىللىق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا تونۇرغا
نىسبەتەن يەنە ئۆزىنىڭ نۇرغۇنلىغان ئېتىقاد كۆز
قاراشلىرىنى سىڭدۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن تونۇر
ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادچىلىقى بىلەن
سىڭىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان.

دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىـ
قادچىلىقى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ھەرقانداق بىر
شەيئىگە زەنجىرسىمان سىڭدۈرۈلۈپ كەلگەن. بۇـ
رۇندىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش كەـ
چۈرۈپ كەلگەن كىگىز ئۆيى شەكىل ۋە قۇرۇلما
ئالاھىدىلىكى بىلەن تونۇرنىڭ شەكلى ۋە قۇرۇلما
ئالاھىدىلىكىنىڭ ئوخشاشلىقىنى ھەرگىزمۇ تاسادىـ
پىيلىق دېيىشكە بولمايدۇ. تونۇرنىڭ ئۇل قىسمىغا
كىگىز ئۆينىڭ، تونۇرنىڭ ئېغىزى كىگىز ئۆينىڭ
تۈڭلۈكىگە، تونۇرنىڭ تۇرخىنى كىگىز ئۆينىڭ

ئىشىكىگە ئوخشاش بولۇپ، شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن قارىغاندا تونۇر بىلەن كىگىز ئۆي زور دەرىجىدە ئوخشاشلىقتا ئىگە. تونۇرمۇ ئوخشاشلا ئىپتىدائىي ئېتىقاد بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كىگىز ئۆي بىلەن شەكىل ۋە قۇرۇلما جەھەتتىكى بۇنداق ئوخشاشلىقى ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولۇپ قالغان ئەمەس، ئۇنىڭغا خەلقىمىزنىڭ ئېتىقاد ئۇدۇملىرى سىڭدۇرۇلگەن، بۇ خىل ئېتىقاد ئۇدۇملىرى خەلقىمىز ئارىسىدا ئالاھىدە ئىپادىلىنىدۇ.

تونۇر توپا (سېغىز)دىن ياسالغاچقا ناھايىتى ئۇلۇغلىنىدۇ، ھەتتا ئىشلىتىلىپ كونىرىغان تونۇرنىڭ پارچە كېسەكلىرىمۇ ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئاياللار تونۇرغا نان يېقىۋاتقاندا كىچىك باللار تونۇر قېشىغا كەلسە ۋە تونۇرغا قارىسا، ياققان نان چۈشۈپ كېتىدۇ دەپ قاراپ يېقىن كەلتۈرمەيدۇ. تونۇر قېشىغا تەرەت قىلىشقا، تونۇرنىڭ ئىچىگە مەينەت نەرسىلەرنى سېلىشقا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تونۇر بېشىدا گازىر چېقىشقا بولمايدۇ يەنە خەلقىمىزدە، يېڭى سالغان تونۇرغا تۇنجى قېتىم ئوت ياققاندا، تونۇرغا ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ۋە ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تونۇر ئىگىسى قولۇم-قوشنىلار بىر-بىرىنىڭ نان يېقىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ بېرىدىغان ئادەت بار بولۇپ، مۇشۇ ئارقىلىق قولۇم-قوشنىلىق مۇناسىۋەت، ئىتتىپاقلىق، ئۆملۈك كۈچىيىدۇ. مانا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۆز-جۈملىلەردىنمۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ تونۇرنى ناھايىتى ئۇلۇغلايدىغانلىقىنى، يۇقىرى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

**4. تونۇرنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا نۆۋەتتىكى ئىشلىتىلىش ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىستىقبالى**

تونۇر — قەدىمدىن باشلاپ، ھەر بىر ئائىلىدە كەم بولسا بولمايدىغان، مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنىڭ نەمۇنىسى. شۇ سەۋەبتىن خەلقىمىزنىڭ قۇرۇلۇش-بىناكارلىق مەدەنىيەتلىرىمىزنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، ئۆي-ئىمارەتلەرنى لايىھەلىگەن ۋاقىتتا چوقۇم تونۇرنى قايسى يەرگە سېلىش پىلانىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ. ئەجدادلىرىمىز ھەم تارىختىن بۇيان سودىغا ماھىر مىللەت، بۇنى باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى «سارت» نامى بىلەن چاقىرىدىغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر دەلىل پاكىتتۇر. مىللىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكىمىزنىڭ يەنە بىر ئاپىرىدىگاھى بولغان قەشقەردە ۋە ياكى ئۇيغۇر ياشىغان ھەرقانداق بىر يۇرتتىن تونۇرنىڭ سىماسىنى، شۇنداقلا بىز ئۆز جېنىمىز كەبى سۆيىدىغان «نان»دىن ئىبارەت بۇ نېمەتنى ئۇچرىتىش تەس ئەمەس، شۇنداقلا ھەم «نان» ئارقىلىق تىرىكچىلىك يولىنى تۇتقان، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرنىڭ يۈكسەك تائام مەدەنىيىتىنى بارچە ئىقلىمغا تونۇتقان كىشىلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇ شىنجاڭ چېگراسىدىن ھالقىپ چىقىپ، مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، ھەتتاكى باشقا ئەللەردىمۇ ئالقىشقا ئېرىشكەنلىكىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. مەززىلىك تونۇر كاۋاپلىرىمىز، شېرىن تاتلىق نانلىرىمىز پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىياغا بۆسۈپ كىردى، دۇنياغا يۈزلەندى.

قەشقەر قول ھۈنەرۋەنچىلىك بۇيۇملىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان تونۇرلار ھەر خىل تېخنىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن ئەنئەنىلىكىنى، مىللىي خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىنغان ئاساستا ياسىلىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. دېمەك بۇ خىل زامانىۋىلىق بىلەن ماسلاشقان تەرەققىيات، بۇنىڭدىن كېيىنكى يېمەك-ئىچمەك مەدەنىيىتىمىزنىڭ (تونۇر)نىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە چىقارغۇسى.

ئېنىقكى مىللىي مەدەنىيىتىمىزنى بېيىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى گارمونىك بىرلەشتۈرۈش، ئەنئەنە ۋە تەرەققىياتنى، خاسلىق ۋە يېڭىلىقنى ئۇنىڭغا سىڭدۇرۇش، تارىخ ۋە تەرەققىيات قەدىمىگە ماس ھالدا ئېلىپ بېرىش كېرەك.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. سائادەت كىچىك: «ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇرچىلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدا»

2. غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى تارىم مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 63-، 64-بەتلەر.

3. ئەنۋەر باتۇر جانبەردى: «ئۇيغۇرلار ۋە تونۇر».

4. ئەنۋەر باتۇر جانبەردى: «ئۇيغۇرلار ۋە تونۇر».

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپى 2013-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)





# جۇۋازچىلىق توغرىسىدا

مەھمۇدجان سىدىق بىلگىيار

جۇۋاز، جۇۋازنىڭ ئاساسلىق قىسىملىرى ۋە ئۇلارنى تەييارلاش مەلۇم ئۆلچەم ئاساسىدا ئايرىم - ئايرىم تەييارلانغان بىر قانچە بۆلەكنى قانۇنىيىتى بويىچە ئۆزئارا چېتىپ قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق ياغ تارتىش ئېلىپ بارىدىغان مۇكەممەل قۇرۇلمىدۇر. جۇۋازنىڭ كۆتەك، ئوق، قايچا، قىلىچ ياغىچى، بېسىم تاش قاتارلىق ھەر قايسى بۆلەكلىرىنى ئۆلچەم بويىچە تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، كۆزدىن خالىي پىنھان ئورۇنغا جۇۋاز ئۆيى تەييار- لاپ جۇۋاز قۇراشتۇرۇلىدۇ.









**جۇۋاز كۆتىكى (تېشى):**

جۇۋاز كۆتىكى — جۇۋازنىڭ ياغ تارتىش مەشغۇ- لاتى ئېلىپ بارىدىغان ئاساسلىق قىسمى بولۇپ، ئۇ ياغاچ ياكى تاشتىن ئويۇپ ياسىلىدۇ. ئەڭ دەسلەپ ياغاچ كۆتەك بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇ خېلى ئۇزاق دەۋر ئىشلىتىلگەن. ئۇ ئۆرۈك ياكى جىگدىنىڭ يوغان كۆتەكلىرىدىن چېپىپ ئويۇپ ياسالغان. ئادەتتە ئۇنى ئۈچ يىل ئەتراپىدا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما بىر مەزگىل ئىشلەتمىسە يېرىلىپ كېتىپ ئىشلەتكىلى بولمىغان. كېيىن تاش ئويمىچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ،









ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇۋاپىق چوڭلۇقتىكى تاشتىن ئويۇپ ياساپ ئىشلەتكەن. ئۇ ياغاچ جوۋاز كۆتىكىگە قارىغاندا چىداملىق بولغاچقا تېز ئومۇملاشقان. ياغاچ ياكى تاش جوۋاز كۆتىكى بولسۇن دەسلەپ ئۇنى ياغچىلار ئۆزلىرى ئويۇپ ئىشلەتكەن. كېيىن بىر قىسىم ياغچىلار ئايرىلىپ چىقىپ مەخسۇس كەسىپلەشكەن جوۋاز كۆتىكى ئويمىچىلىقى بىلەن شۇغۇللانغان، جوۋاز كۆتىكىنىڭ ئۆلچىمى ئوخشاش بولۇپ، ئۇ كۆتەكنىڭ تاش ھەم ئىچ قويىنىدىن ئىبارەت ئىككى قىسمىغا بۆلۈپ ئويۇپ تەييارلىنىدۇ.

ياغاچ جوۋاز كۆتىكى ئالدى بىلەن دىيامېتىرى 80 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى ئۆرۈك ياكى جىگدە كۆتىكى تەييارلاپ، ئۇنىڭ ئېغىز تەرىپىنىڭ دىيامېتىرىنى 60 سانتىمېتىر راسلاپ، يۈزىنى پەتنۇسنىڭ ئىچى يۈزىدەك ئويۇپ، باشقا يەرلىرىنى كۆزلەپ، تۈۋى تەرىپىنى ئىنچىكىرەك يۇملاق ياسىۋالىدۇ. تاش جوۋاز كۆتىكىنى ساي ياكى تاغنىڭ پەس تەرەپلىرىدىكى ئېقىن بويلىرىدىن ئۆلچەمگە چۈشىدىغان زىچلىقى تۆۋەنرەك قارا تاشلارنى تېپىپ ئۇنىڭ ئارتۇق يەرلىرىنى ئېلىۋېتىپ يەڭگىللەشتۈرۈپ يۆتكەپ كېلىپ، يۇقىرىقى ئۆلچەم بويىچە تەييارلىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، كۆتەكنىڭ تاش قويىنى ئېغىزىنىڭ دىيامېتىرىنى 28 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقىنى 17 سانتىمېتىر يانتۇ تەك شەكىلدە، تۈۋى يەنى ئىچ قويىنى ئېغىزىنىڭ دىيامېتىرىنى 18 سانتىمېتىر، چوڭقۇرلۇقىنى 17 سانتىمېتىر، قورساق قىسمىنىڭ دىيامېتىرى 23 سانتىمېتىر ئىچى كەڭ يۇملاق، ئومۇمىي چوڭقۇرلۇقى 35 سانتىمېتىر ئويۇپ ياسىلىدۇ، ئىچىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى كونا ئىككى قاسقانلىق مىس مانتا قازىنىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

**تاش جوۋاز كۆتىكى:**

كۆتەك ئويۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئېغىز تەرىپىدىن باشلاپ ئۆلچەپ 40 سانتىمېتىرلىق يەردىن يەنى كۆتەك ئىچ قويىنى تېگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرىلاپ، سىرتىغا يانتۇ ياغ چۈشۈرىدىغان چىمەت قول چوڭلۇقىدا ياغلىق تۆشۈك تېشىپ ئېغىزىغا ياغ چۈشىدىغان نوكاچ قېقىلىدۇ.

جوۋاز تېشىنىڭ ئىچ قويىنى ھەم ياغ ئاقىدىغان تۆشۈك.

**قايچا (قاچا):**

قايچا — قايچا شەكىلدىكى پۈتۈن چوڭ ئاچا ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئۇ قىلىچ ياغىچى، بۆك بىلەن ئۆزئارا چېتىلىپ، بۆك ئارقىلىق ئوقنىڭ ئۇچىغا ئىلىنىپ، جوۋازنىڭ قورساق قىسمىنى ئارىسىغا ئېلىپ جوۋازغا قاتقان ئۇلاغ بىلەن بىللە ھەرىكەتلىنىدىغان قۇرۇلما.

**قايچا بويۇنتۇرۇق (دەم):**

بويۇنتۇرۇق — ئاچىسى قىلىچ ياغىچىغا دېيىلىپ، ئوتتۇرىسىدىكى تۈرۈمچە ياكى ئەرگۈلىسىگە قايچىدىكى ئارغامچىنى چېتىپ، ئۇلاغنىڭ يەنى ھايۋاننىڭ گەدىنىگە باغلاپ چېتىپ ھەيدەش ئارقىلىق جوۋازنى ئايلاندۇرىدىغان قۇرۇلما.

ئۇ ئىككى خىل بولۇپ، بىرى ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 20 سانتىمېتىر، شىراق تومۇلۇقىدىكى بىر ئۇچىدا 20 سانتىمېتىر ئاچىسى بار قاتتىق تۈز ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئۆلچەمگە توشىدىغان ياغاچنى راستلاپ ئاچىسىدىن 40 سانتىمېتىرلىق يەرگە تۈرۈمچە تېشىپ قايچىدىكى ئارغامچىغا باغلاپ چېتىپ باش تەرىپىدىن ئۇلاغنىڭ بويۇنلۇقىنىڭ ئىككى يېنىدىن چوڭ قول تومۇلۇقىدا ئىككى دانە بوغۇنچىلىق تۆشۈك تېشىپ، تۆشۈككە يىپ ياكى ياغاچ ئۆتكۈزۈپ بويۇنلۇق چىقىرىپ ماڭغاندا بويۇنتۇرۇق ئۇلاغنىڭ گەدىنىدىن چىقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بويىندىن باغلايدۇ. ئۇنىڭ ئاچىسىنى قىلىچ ياغىچىنىڭ كۆتىكىگە دىيەپ باغلاپ، تۈرۈمچىسىگە قايچىدىكى ئارغامچىنى چېتىپ، ئۇلاغنى جوۋازغا قاتىدۇ.

يەنە بىرى: ئىككى ئۇچى كەڭرەك ئۈچ بۆلۈك شەكىلدىكى ياغاچنى راسلاپ ئىككى ئۇچىنى قىناپ بوغۇنچىلىق چىقىرىپ، بوغۇنچىلىقنىڭ ئۈستىرەكتىن بويۇنلۇق تېشىپ بويۇنتۇراق ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى بوغانچىسىغا قايچىدىكى ئارغامچىنى باغلاپ، ئۇلاغقا قېتىپ، بويۇنلۇقىسىدىكى تانا ياكى ياغاچ بىلەن ئۇلاغنىڭ بويىندىن باغلاپ قويىدۇ. ئارغامچىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى جوۋازغا قېتىلىدىغان ئۇلاغنىڭ تۈرى، چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ تەڭشەيدۇ.

**بويۇنتۇرۇق**

**ئوق:**

ئوق — يوكنى ئىزىپ يۇمشىتىپ ياغ تارتىدىغان ئاساسلىق قىسىم بولۇپ، ئۇ بىر جوۋاز ئۈچۈن ئۇزۇنلۇقى،

تومۇلۇقى ئوخشاش، ئەمما بېشى ئوخشىمايدىغان ئۆلچەمدە يۇكنى قارىتىدىغان ئوق، تالقان ئوق ھەم ياغ ئوقى دەپ ئۈچ دانە تەييارلىنىدۇ. بۇ ئوقلار ياغ تارتىشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. ئوق ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم مېتىر، تومۇلۇقى يەنى ئايلانمىسى 50 سانتىمېتىر ئەتراپىدىكى ئۈرۈك كۆتىكىدىن چېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچىنى تۇخۇم شەكلىدە بوككە كەلگۈدەك ئۇچلاپ تۈۋىنى چوڭ چېپىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن يۇكنى قارىتىدىغان ئوق بېشىنىڭ ئىچ قويىنى ئۇزۇنلۇقىنى 15 سانتىمېتىر، ئايلانمىسىنى 50 سانتىمېتىر؛ تالقان ئوق بېشىنىڭ ئىچ قويىنى ئۇزۇنلۇقىنى 12 سانتىمېتىر، ئايلانمىسىنى 40 سانتىمېتىر؛ ياغ ئوق بېشىنىڭ ئىچ قويىنى ئۇزۇنلۇقىنى ئون سانتىمېتىر ئايلانمىسى 30 سانتىمېتىر ئەتراپىدا چېپىپ ياسايدۇ.

**جۇۋاز ئوقى**

**قىلىچ ياغىچى:**

قىلىچ ياغىچى — قايچا بىلەن بوكنى ئۆزئارا چاتىدىغان قىسىم بولۇپ، ئۇ، ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر 30 سانتىمېتىرلىق تۈۋى شىراق تومۇلۇقىدا، ئىككى ئاچىسى بىلەك تومۇلۇقىدىكى قاتتىق ئاچا ياغاچتىن ياسىلىدۇ.

**قايچا بىلەن قىلىچ ياغىچىنىڭ چېتىلغان ھالىتى**

**بوك:**

بوك — بىر ئۇچىنى قىلىچ ياغىچىنىڭ ئاچىسى ئارىسىغا شىنىلەپ چېتىپ، يەنە بىر ئۇچىدىكى بوكنى ياغ ئوقىنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ جۇۋازنى قاتقاندا جۇۋازغا قاتىدىغان ئۆلاغنىڭ چوڭ كىچىكلىكى، ئوقنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىغا ئاساسەن، بوكنىڭ ئىنچىكە ئۇچىدىكى شىنىلىك تۆشۈك ھەم ئوق ئۇچىنى بوكتىكى ئويۇقچىلارغا ئالماشتۇرۇپ چېتىش ئارقىلىق قايچىنىڭ ھەرىكەت تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشەيدۇ.

**ئوققا چېتىلغان بوك**

**شىنە ياغىچى:**

شىنە — ئاساسەن قىزىل يۇلغۇن ياكى ئۈرۈك ياغىچىدىن ياسىلىدىغان بولۇپ، ئۇ قېقىلىدىغان تۇرۇم، شىنىلىك تۆشۈكنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن توم، ئىنچىكە، ئىشلىتىلىش ئورنىغا ئاساسەن ئۇزۇن، قىسقا قىلىپ تۈز، سىلىق، ئۇچلاپ ياسىلىدۇ. ئۇنى تۇرۇم ياكى شىنىلىك تۆشۈككە قېقىش ئارقىلىق جۇۋازنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى ئۆزئارا چېتىلىدۇ.

**بېسىم تاش:**

تاش — قايچىنىڭ كۆتىكى ئۈستىگە قويۇپ، ئوققا بېسىپ چۈشۈرۈش ئارقىلىق يۇكنى ئېزىپ ياغ چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا ئادەم كۆتۈرەلىگۈدەك چوڭلۇقتىكى ياپىلاق تاشتىن ئۈچ-تۆتكىچە بولسا بولىدۇ.

**جۇۋازنىڭ بېسىم تېشى**

جۇۋازغا كېرەكلىك يۇقىرىقى قىسىملار راسلىنىپ بولغاندىن كېيىن جۇۋازخانا تەييارلايدۇ.

**جۇۋازخانا:**

جۇۋازخانا — كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن خالىي پىنھان يەرگە يېقىندىن سالسىمۇ ياكى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيلەرنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئايرىمخانىلارنى جۇۋازخانا قىلسىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە ياغچىلار جۇۋازخانىنىڭ كۆزدىن خالىي پىنھاندا بولۇشىنى خالايدۇ. ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى جۇۋازدا بىمالال مەشغۇلات ئېلىپ بارالايدىغان ھەم ياغ تارتىشقا كېرەكلىك بويۇملار سىغىدىغان چوڭلۇقتا بولسا بولىدۇ، ئۇ تەخمىنەن 25 ـ 30 كۇۋادرات ئەتراپىدا بولىدۇ.

**جۇۋازنى قۇراشتۇرۇش:**

جۇۋازخانا پۈتۈپ تېگى تەكشىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، ئۈرۈك ياغىچى ياكى باشقا قاتتىق ياغاچتىن شىراق تومۇلۇقىدا قوزۇق ياكى ئادەمنىڭ بېلى تومۇلۇقىدا پور كۆتەك تەييارلاپ، ئۇنى جۇۋازخانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياكى مۇۋاپىق دەپ قارىغان ئورنىغا قوزۇقنى قېقىپ ياكى پور كۆتەكنى كۆمۈپ، جۇۋاز كۆتىكىنىڭ تېگىدىكى مۇقىملاشتۇرۇش تۆشۈكنى قوزۇققا سېلىپ تىكلەپ ياكى پور كۆتەكنىڭ ئىچىگە كەپلەۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، جۇۋازغا سۇ قويۇپ كۆتەكنىڭ تىكلىكىنى تەڭشەپ مۇقىملاشتۇرۇپ چىڭدايدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتا زىچ قوزۇق قېقىپ، جۇۋاز كۆتىكىنى چىڭىتىپ، قوزۇقنىڭ ئارىچىلىرىغا كۆنجۈرە تىقىپ سۇۋاپ، ئۈستىدىن بىر مېتىر 60 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شالنى جۇۋاز كۆتىكىدىن 13 سانتىمېتىر ئاشۇرۇپ زىچ، تەكشى قېقىپ جۇۋاز كاسىسى چىقىرىدۇ. شالنىڭ ئۈستىدىن كولا (سامان غوللۇق ياۋا ئۆسۈملۈك — چىغدىن ئېشىپ تالاپ ئەتكەن ئارغامچا)دا ئىككى يەردىن باغلاپ ياكى تۆمۈردىن چەمبەر سېلىپ (ئەلگىرى كولا ئىشلەتكەن) چىڭىتىپ، جۇۋاز كۆتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن شالىنىڭ ئارىسىغا يانا قىقىپ يەنە بىر قاتار چىگىتىدۇ. جۇۋازنىڭ كۆتىكى بىلەن شالىنىڭ ئارىسىنى كۇنجۇرە بىلەن سۇۋاپ، دىيامېتىرى 65 سانتىمېتىر ئەتراپىدا جۇۋاز كاسىسى چىقىرىلىدۇ. ئاخىرىدا جۇۋازنىڭ تەگ ئەتراپىنى لاي بىلەن ئېگىزلىكى 50 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر قوپۇرۇپ، ياغ تارتقۇچى ماڭىدىغان پاي، ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئۇلاغ ماڭىدىغان ئاياغلىق ياسايدۇ. پايدىن جۇۋازنىڭ ئېگىزلىكى 90 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ، جۇۋاز كۆتىكىنىڭ ئېگىزلىكىنى ياغچىنىڭ بېقىنىغا كەلگۈدەك ياسىسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

جۇۋاز تىكلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قايچىغا قىلىچ ياغىچنى، قىلىچ ياغىچىغا بۆكنى چىتىپ قۇراشتۇرۇپ، جۇۋازنى پاكىزلاپ، ئوقنى سىلىپ يۆكنى قويۇپ، ئوقنىڭ ئۈچىغا بۆكنى سىلىپ ئۇلاغقا قاتىدۇ، ئۇلاغ جۇۋازنى سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭ قارشى يۆنىلىشىدە ئايلاندۇرۇپ ياغ تارتىدۇ.

**قۇراشتۇرۇپ ياغ تارتىۋاتقان جۇۋاز**

كېرەكلىك سايمان: قىيما (جۇۋازدىن ياغ چۈشۈرىدىغان قاپاق)، تالتىز (شوكىنى ماتىلايدىغان سايلىق)، غىچا (يىرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئىنچىكە يۇلغۇن چۇبۇقىدىن تەييارلىنىدۇ)، ياغ تۆشۈك ئېغىزلىقى قاتارلىق بۇيۇملار تەييارلىنىدۇ.

**جۇۋاز كاسىسى ۋە ياغ تارتىش جەريانى**

جۇۋازدا تارتىلىدىغان ياغلىق دان:

جۇۋازدا ئاساسەن زاغۇن، كەندىر، قىچا، زاراڭزا، گازىر، چىگىت (چىگىت بىلەن زاراڭزا تۈگمەندە ئاقلانغاندىن كېيىن تارتىلىدۇ)، مۇنۇسكا، زىغىر، قوغۇن ئۇرۇقى، تورلۇك مېغىز، ياڭاق قاتارلىقلار تارتىلىدۇ.

**جۇۋازنىڭ ياغ چۈشىدىغان تۆشۈكى**

ياغ تارتىش مەشغۇلات جەريانى:

ئادەتتە بىر جۇۋازلىق يۆك (ياغلىق دان) بىر چارەك بولۇپ، ياغچى قاپچىمال ياكى خاس ياغ بولسۇن بىر جۇۋازلىق ئۈچۈن بىر چارەكتىن يۆك تەييارلايدۇ. ياغچىلار بەزى يۆكلەرنى دورىلىق ئۈچۈن خاس تارتقاندىن سىرت، ئىستېمال ئۈچۈن ئاساسەن قاپچىمال ياغ تارتىدۇ. قاپچىمال ياغنىڭ تەركىبى: ئىشىشەك (تۆت جىلىك) زاغۇن، نېمشەك (ئۈچ جىلىك) قوغۇن ئۇرۇقى، ئون جىلىك كەندىر بولۇپ بۇ يېيىشكە ئەڭ ئوبدان ياغ دەپ قارىلىدۇ.

ياغچى ياغ تارتىشتىن ئاۋۋال، يۆكنى تاسقاپ خىللاپ پاكىزلاپ، بىر جىلىك سۇنى يۆككە چېچىپ ئىلەشتۈرۈپ ياز كۈنى بىر سائەت، قىشتا ئۇزاقراق تۇرغۇزۇپ، نەمدەيدۇ. يۆكنىڭ نېمى كېلىشكەندە جۇۋازغا قارىدىتىدغان (يامدايدىغان) ئوقنى سىلىپ، ئۈستىدىن يۆكنى قوشۇپ، قايچىغا بېسىم تاشتىن بىرنى ئېلىپ سەككىز-ئون قېتىم ھەيدەپ (ئايلاندۇرۇپ يۆك) قارىدىغاندا (چالا يۇمشىغاندا) توختاپ يۆكنى جۇۋاز كاسىسغا ئېلىۋېتىپ، ئوقنى تالقان ئوقا ئالماشتۇرۇپ يۆكنى چۈشۈرۈپ، قايچىغا ئىككى تاشنى ئېلىپ تەدرىجىي تاشنى كۆپەيتىپ بىر يېرىم سائەت ئەتراپىدا ھەيدەيدۇ، يۆك يۇمشاپ تالقان بولغاندا، جۇۋازغا بىر جىلىك سۇ قويۇپ يۆكنى قاتۇرۇپ ئۇنى جۇۋاز كاسىسغا ئېلىۋېلىپ، ئوقنى ئېلىۋېتىپ، جۇۋازنىڭ تېگىنى پاكىزلاپ، ياغ چۈشىدىغان تۆشۈكنى ئېچىدىن كۇنجۇرىدە ئېتىۋېتىدۇ. ئاخىرىدا ياغ ئوقنى سىلىپ يۆكنى چۈشۈرۈپ، تەدرىجىي بېسىم تاشنى كۆپەيتىپ ئاخىرى تۆت تاشنى ئېلىپ بىر سائەت ئەتراپىدا ھەيدىگەندە ئوقنىڭ ئەتراپىدا ياغ تەپچىرەپ چىقىشقا باشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىككى جىلىك سۇنىڭ كۆپرەكىنى جۇۋازغا قۇيۇپ ياغاچ سانجىپ جۇۋازنىڭ ئۇلىغا ئۆتكۈزۈۋېتىپ، قالغان قىسمىنى يۆكنىڭ ئۈستىگە سەپكەچ داۋاملىق ھەيدەپ ياغ پىشىپ بولدۇقلاپ ئۈستىگە ئۆرلىگەندە ياغ تۆشۈكنىڭ ئاستىغا ياغ قاپاقنى قويىدۇ، بىراقلا ئۈچ جىڭغا يېقىن ياغ چۈشىدۇ. ياغ تۆشۈكنىڭ ئېغىزىنى تېشىدىن ئېتىۋېتىپ، يەنە بىردەم ھەيدەپ ياغ تۆشۈكنى قويۇپ بەرسە يېرىم جىڭ ئەتراپىدا ياغ چۈشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، ياغ تۆشۈكنى ئوچۇق قويۇپ داۋاملىق ھەيدەيدۇ، ياغ ياغلىق قاپاققا تېمىپ چۈشۈپ تۇرىدۇ. ياغ تامىمىغاندا جۇۋازدىن چۈشۈپ، ئۇلاغنى چىقىرىپ كۇنجۇرنى ئېلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر جۇۋازلىق ياغ تارتىش پائالىيىتى ئاخىرلىشىدۇ.

**ياغدىن چۈشكەن جۇۋاز**

ياغچىنىڭ ئۆلۈغى يارام، ئىنتىك بولسا بىر جۇۋازنى ئۈچ سائەت ئەتراپىدا چىقىرىدۇ. ئۇلاپ تارتىۋەتسە جۇۋاز قىزىق بولغاچقا ۋاقىت تېخىمۇ ئاز كېتىدۇ. يۆك

دائىلىق، پىششىق بولسا بىر جۈۋاز يۈكتىن ئۈچ يېرىم جىڭدىن تۆت جىڭغىچە ياغ چىقىدۇ. ئوبدان پىشقان زاراڭزىدىن ئون جىڭ ياغ چىقىدۇ، ياغچىنىڭ بازىرى ئىتتىك ئۆلۈغى يارام بولسا، بىر كۈندە ئۈچ-تۆت جۈۋاز ياغ تارتىدۇ، ئادەتتە يىپىشكە زاراڭزا يېغى زاغۇن يېغىدىن ئارتۇق دەپ قارىلىدۇ.

ياغچىلار ئاساسەن كېچىسى ياغ تارتىپ كۈندۈزى ساتىدۇ. ئىلگىرى ھەرقايسى يۇرتلاردىكى ناھىيە مەركەزلىرىدە، چارى بازارلاردا مەخسۇس ياغ بازىرى بولۇپ، ياغچىلار قاتار ئولتۇرۇپ ئالدىغا يەيدىغان، ياندۇرىدىغان ياغ قاپاقلىرىنى تىزىپ كۈندۈزى يەيدىغان ياغ ساتسا، كەچلىكى مەخسۇس ياندۇرۇش ئۈچۈن چىگىت يېغى ساتاتتى.

## چىگىت يېغى ياندۇرىدىغان چىراغ

كەچتىكى چىراغ يېغى بازىرى كۈندۈزدىنمۇ بەك قىزىيتتى. شەھەر، بازار ئاھالىسى چىراغ، چىراغ يېغى قاچىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ياغ سېتىۋالغاچ بازار ئايلىنىپ ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن يېگەچ بالىلىرىغا ئالغاچ كىرەتتى ياكى پۇل بېرىپ بالىلىرىنى بۇيرۇيتتى. ھەرقايسى يېزا-قىشلاقلاردىكى يۇرت، كەنت، مەھەللىلەردىمۇ ياغچىلار بولۇپ، ئۇلار پالانى ياغچى، پۇستانى ياغچى دەپ ئاتىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئىشىك ئالدىدىن كېچە-كۈندۈز يەيدىغان، ياندۇرىدىغان ياغقا كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

نامى چىققان ياغچىلار يېغىنى ئەتراپتىكى يېزا-بازار مەھەللىسىدە ساتقاندىن سىرت، بىر نەچچە كۈن كېچە-كۈندۈز ياغ تارتىپ ئۇنى تۇلۇم، چولڭ ياغلىق قاپاقلىرىغا قاچىلاپ توپاق، قېچىرلارغا ئارتىپ يۇرتمۇ يۇرت ئايلىنىپ يۈرۈپ سېتىپ يۈككە تېگىشىپ ياكى نېسىگە بېرىپ ھەپتە 15 كۈندە قايتىپ كېلەتتى. ئۇلارنىڭ يۇرت-يۇرتلاردا چۆپقىتى بولۇپ، خېرىدارلىرى بىلەن مۇئامىلىسى ئۈزۈلمەيتتى. شۇڭا ئۇ قايتىپ كەلگۈچە خوتۇن-بالىلىرى ياغ تارتىپ تۇلۇم قاپاقلارغا چىڭقاپ قوياتتى. ياغچى بىر نەچچە كۈن ئارام ئېلىپلا يەنە ئۇلاغلىرىغا ياغنى ئارتىپ سەپەرگە چىقاتتى، ئادەتتىكى نامى چىقمىغان ياغچىلار سېتىپ بولالمىغان ياغلىرىنى ئۇلغى بارلىرى ئۇلاغقا ئارتىپ، بولمىسا ئەپكەشتە كۆتۈرۈپ يېقىن ئەتراپتىكى، كەنت-مەھەللەرگە بېرىپ سېتىپ ياكى يۈككە تېگىشىپ كېلەتتى.

## ياغلىق قاپاق

چىگىت يېغى مەخسۇس ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى. چىگىت تارتىدىغان جۈۋازلار ئايرىم بولۇپ، ئۇنىڭدا مەخسۇس چىگىت يېغى تارتىلاتتى. ئەگەر ئۇنىڭدا يەيدىغان ياغ تارتىشقا توغرا كەلسە جۈۋازنى يۇيۇۋېتىپ ئاندىن تارتاتتى. ھەرقايسى يۇرتلاردا مەخسۇس ياغ ئۈچۈن چىگىت، زاراڭزا، گازىر ئاقلايدىغان تۈگمەنلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ياغلىق دانى ئۆسكەنگە قويۇپ، تۈگمەننىڭ قۇلىقىنى كۆتۈرۈپ تەگشەپ سۇنى قۇيۇپ بەرسە مېغىزى بىلەن پوستىكىنى ئايرىپ چىقىراتتى. مەسىلەن، ئىلگىرى كېرىيە ناھىيەسىنىڭ كىچىك دېيا (دەريا) قۇمچاق مەھەللىسى، ھاجىمىراپ (ھېجىمىرات)، سېغىتما، ياغۇلاق (ياغ بۇلاق)، ئارىش، لەڭگەر قاتارلىق جايلاردا مەخسۇس جۈۋاز ئۈچۈن چىگىت، زاراڭزا، گازىر ئاقلايدىغان تۈگمەن، شال (گۈرۈنجە) ئاقلايدىغان سوقىلار ماڭدۇرغان.

## ياغلىق قاپاقچە

20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغا كەلگەندە ھەرقايسى يۇرتلاردا يېزا ئىگىلىك سودا شىركەتلىرى قۇرۇلۇپ، پۈتۈن ياغلىق داننى شىركەتلەر سېتىۋېلىپ جۈۋازچىلارغا يۈككە قارىتا ياغ ئۆتكۈزۈشكە ھۆددىگە بەرگەن. كېيىن ھەرقايسى يۇرتلاردا كونىلىقنى يېڭىلايمىز دېگەن شوئار ئاستىدا ئادەم كۈچى ئارقىلىق بېسىم بىلەن ياغ چىقىرىدىغان ياغاچ قۇرۇلمىلىق زاۋۇت ياساپ ياغ چىقارماقچى بولغان بولسىمۇ، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن، تارتىلغان ياغ ئاز، لاي، سۈپەتسىز بولغاچقا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. ئاشلىق ئىدارىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىدارە قارمىقىدا مەخسۇس جۈۋازخانىلار قۇرۇلۇپ 10- 20 جۈۋازنى بىر يەرگە يىغىپ كوللېكتىپ ياغ تارتىپ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ياغ بىلەن تەمىنلىگەن، ھەرقايسى كوپېراتسىيە، كەنتلەردىمۇ جۈۋازخانىلار قۇرۇلۇپ ئۆپچە ياغ تارتىپ ئاممىنى ياغ بىلەن، ھايۋانلارنى كۈنجۈرە يەم-خەشەك بىلەن تەمىنلىگەن.

كېرىيە ناھىيەسى تەۋەسىدە جۈۋازچىلىق ئاساسەن ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى بازار كوچا، دۆڭ كوچا، ھېيتگاھ، تاناي بېشى قاتارلىق جايلارغا مەركەزلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



ئورۇنلاشقاندىن باشقا، ھەرقايسى يېزا- كەنت مەھەللىلەر-
دىمۇ ياغىچىلار بار بولۇپ، ئۇلار بۇ بوستانلىقنى يېمەكلىك
يىغى ھەم ياندۇرىدىغان ياغ بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن.
جۇۋاز كۆتىكىنى بازار ئىچىدىن تۇداخۇنىكام سۆگەكباش،
قاسىم ئاخۇن پومەك، ئەيسا ئاخۇن كالتەك، يۇسۇپ
ئاخۇن قاتارلىق ياغىچىلار ئويۇپ پۈتۈن ناھىيەنى ياغاچ
جۇۋاز كۆتىكى بىلەن تەمىنلىگەن.

كېيىن كۆكيار قانجۇق مەھەللىسىدىن يۇسۇن ئاخۇن
قانجۇق، ئابدۇراخمان ئاخۇن قانجۇق، مۇھەممەد ئاخۇن
قانجۇق قاتارلىقلار تاشتىن جۇۋاز كۆتىكى ئويۇپ تاش
جۇۋاز كۆتىكىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ياغاچ كۆتەكنىڭ
ئۆمرى قىسقا ھەم داۋاملىق ئىشلىتىلمىسە يېرىلىپ كېتىدى-
غان بولغاچقا، تاش جۇۋاز كۆتىكى تېز ئومۇملاشقان،
ئۇلار جۇۋاز كۆتىكى ئويىدىغان كېرەكلىك تاشنى نۇرى
مەممەت لەڭگىرى سوقتىياق دەريالىرىغا چىقىپ مۇۋاپىق
چوڭلۇقتىكى قارا قورام تاشنى بازغان، پانا، سۈمبىدە
ياساپ جۇۋاز تېشى شەكلىگە كەلتۈرۈپ، ئىككى تەرىپى-
دىن تۆشۈك تېشىپ پانا قېقىپ، يوغان ياغاچلاردا تۇرۇە-
لاپ شوت ئېتىپ ئۇنى تاشتىكى پانىغا چېتىپ، ئات، ئۇيغا
تۆشلەپ قېتىپ سۆرىتىپ ئەكىلىپ جۇۋاز تېشى ئويۇپ
ساتقان. ئۇلار جۇۋاز تېشى ياساپ كېرىيە تەۋەسىدىكى
جۇۋازچىلارنى تەمىنلىگەندىن سىرت، نىيە، چىرا، تاغ قا-
تارلىق يۇرتلاردىكى ياغچىلارنىمۇ تاش جۇۋاز كۆتىكى
بىلەن تەمىنلىگەن ياكى شۇ يۇرتلارغا بېرىپ جۇۋاز كۆتە-
كى، تۆگمەن تېشى ياساپ بېرىپ كەلگەن.

كېرىيە بازار كوچىدىن سۇپاخۇن قىققان 97 ياشقا
كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، چوڭ دادىسى
دۆلەتقۇچىكام قىققان ئۇنىڭغا «ئاتا- بوۋىلىرىمىز يەتتە
ئەۋلادتىن بېرى جۇۋاز چۆرۈپ كەلگەن، مەن 8- ئەۋلا-
دى، جۇۋازچىلىق پاكىز، بەرىكەتلىك كەسىپ بۇ كەسىپنى
ھەرگىز تاشلىماڭلار» دەپ نەسىھەت قىلغانىكەن. ئۇ 10-
ئەۋلاد ياغچى بولۇپ، ئوغلى بىلەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ
90- يىللىرىغىچە ياغ تارتىپ كەلگەن. ياغ زاۋۇتلىرىنىڭ
ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ جۇۋازدا ياغ تارتىدىغانلار قالمى-
غاچقا ئۇلار ئاتا كەسپىنى تاشلاپ باشقا كەسىپ بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ جان بېقىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇنىڭدىن جۇۋاز-
چىلىق ھەم ئۇنىڭ تارىخى توغرىسىدا گەپ سورىغىنىمدا
ھاياجىنىنى باسالماي قازناق ئۆيىگە رەتلىك تىزىپ
ساقلاپ قويغان جۇۋازنىڭ سايمانلىرىنى ھەم جۇۋاز چۆ-
رۈشكە بولىدىغان ئۆينى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «بالام جۇ-
ۋازنىڭ گېپى چىقسا ئۆزۈمنى باسالماي قالىمەن. مېنىڭ
پۈتۈن ئۆمرۈم جۇۋاز بىلەن ئۆتتۈپ ھاياتىم ئۇنىڭدىن
چىققان ياغدا سۇغىرىلغان ئەمەسمۇ» دەپ يىغلاپ
سالدى، بەزى ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا بۇ يۇرتتا جۇۋاز
ماڭدۇرۇلغىلى 1000 يىل ئەتراپىدا بولغان.

شەنبە بازار شۇقاقى (ئۇستۇن) سەيۋاغدىن تۇرسۇن
ئاخۇن ياغىنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە: ئۇنىڭ چوڭ دادىسى
ۋاسلۋاي قاراقاشنىڭ ئاقتام چۇراڭلىدىن بولۇپ، يىراق
ئەجدادىدىن تارتىپ ياغچى ئىكەن. ئۇ قىينىچىلىق تۈپەيلى
1700- يىللىرى ئائىلىسىنى ئېلىپ كېرىيەگە كۆچۈپ
كېلىپ، سەيۋاغ ياردا گەمە كولاپ ئولتۇرۇپ مەسچىتنىڭ
ۋەخپىلىرىنى تېرىپ جان باققانىكەن. ئۇ تۇرمۇشى ھاللاند-
غاندىن كېيىن، ئاتا كەسپىنى تىپىپ جۇۋاز ماڭدۇرغان ھەم
قاراقاشتىن بارلىق تۇغقانلىرىنى ئەكىلىپ جۇۋازچىلىق،
ياغچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللاندۇرغانىكەن. ئۇنىڭ سۆزلەپ
بېرىشىچە دادىسى ئۇنى يەتتە يېشىدىن باشلاپ جۇۋازدا
ياغ تارتىشقا سالغان بولۇپ، جۇۋازغا بويى يەتمەي قولتۇ-
قى ئېچىلىپ يارا بولۇپ كېتىپ چىدىماي قېچىپ كەتكەندە
دادىسى تۇتۇپ ئەكىلىپ جۇۋازغا باغلاپ قويۇپ ياغ
تارتقىلى سالغانىكەن. ئۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ئاتا كەسپىگە
ۋارىسلىق قىلىپ تۇرسۇن ئاخۇن «ياغ» دېگەن لەقەم
بىلەن 2007- يىللىرىغىچە كېرىيەدە بىردىنبىر ساقلىنىپ
قالغان جۇۋازدا تېۋىپلەرگە، چۆپقەتلىرىگە ھەم خوتەن،
ئۈرۈمچى تەرەپلەردىن كەلگەن بۇيرۇمچىلارغا ياغ
تارتىپ كەلگەن.

ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا كېرىيەدە 20-
ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن ئىلگىرى ناھىيە بازىرى تەۋە-
سىدە بازار كوچا، دۆڭ كوچا، ھېيتگاھ، تاناي بېشى قا-
تارلىق جايلاردا، 30 ئويتوغراق، تاغ، قارقىدىن باشقا
يېزا- كەنتلەردە 45، جەمئىي 75 ئەتراپىدا جۇۋاز چۆرۈل-
گەن. ياغ بازىرى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90- يىللىرىغىچە
تاختا كۆۋرۈكتە بولۇپ، ياغچىلار بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئىككى
يېنىدا تىزىلىپ ئولتۇرۇپ كۈندۈزى يەيدىغان ياغ، كەچلە-
كى ياندۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس چىگىت يېغى ساتقان.

شەھەر ئاھالىسى كەچلىكى چىراغ، ياغ قاچىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ياغقا توشقازغاچ بازار ئايلىنىدىغان بولغاچقا، كەچلىك ياغ بازىرى كۈندۈزدىنمۇ بەك قىزىغان. بىر قىسىم ياغچىلارنىڭ ھەرقايسى يۇرت-كەنتلەردە چۆپقەتلىرى بولۇپ، ئۇلار ياغلىرىنى تۇلۇم، قاپاقلارغا قاچىلاپ ئات، ئېشەك، توپاقلىرىغا ئارتىپ دامۇكۇ، گۇلاخما، قاراقىر، ئويتوغراق، تاغ، نىيا، چەرچەن قاتارلىق يۇرتلارغا ئاپىرىپ سېتىپ ياكى يۇككە تېگىشىپ كەلگەن.

1950 - يىللاردىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك سودا شىركىتى قۇرۇلغاندا جۇۋازچىلارغا چارەك (بىر جۇۋازلىق) يۇككە بىر يۇەن ھەق بېرىش ھېسابىغا كەندىرگە ئۈچ جىڭ تۆت سەر، زاغۇنغا ئۈچ يېرىم جىڭ، ھەر جۇۋازدىن 14 جىڭ كۈنجۈرىنى شىركەتكە ئۆتكۈزۈشكە ھۆددىگە بەرگەن. ئاشلىق ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇدايىنىڭ قورۇسى (ھازىرقى ئاشلىق ئىدارىسى خىزمەت بىناسىنىڭ كەينىدە) ئىچىگە ئاھادە توسۇپ ئۈستىنى يېپىپ ئىچىگە 18 جۇۋازچىنىڭ جۇۋىزىنى قۇراشتۇرۇپ ئاشلىق ئىدارىسى ئۈچۈن كوللېكتىپ ياغ تارتىپ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى ياغ بىلەن تەمىنلىگەن. 60 - يىللارغا كەلگەندە، ئاشلىق ئىدارىسى ياغ زاۋۇتى كىرگۈزگەندىن كېيىن، جۇۋازچىلارنىڭ بىر قىسمىنى ياغ زاۋۇتىغا، بىر قىسمىنى ئۇن زاۋۇتىغا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىپ جۇۋازدا ياغ تارتىشنى توختاتقان.

80-يىللارغا كەلگەندە كېۋەز كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ مايلىق دان تېرىلىدىغان يەرلەر قالمىغاچقا، دېھقانلار مايلىق دان مەنبەسىدىن ئاساسەن ئايرىلىپ قالغان. چىگىتتىن ياغ چىقىرىدىغان چوڭ زاۋۇتلار قۇرۇلۇپ چىگىت يېغىنى بازارغا سالغاندىن كېيىن، كەڭ ئامما تەدرىجىي چىگىت يېغىنى ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن، كىچىك تىپتىكى ياغ تارتىش زاۋۇتلىرىنىڭ تەدرىجىي ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، جۇۋاز ئاستا-ئاستا ئىستېماليمىزدىن قالغان.

جۇۋازچىنىڭ ئايالى چۇۋۇلۇپ كەتكەن جۇۋاز سايمانلىرىنى تاشلىۋېتىشكە قىيماي ساقلاپ كەلمەكتە.

**توك جۇۋاز:**

جۇۋازلار ھەم ئۇنىڭ يېغى يوقاپ، 20 يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، بىر قىسىم مويسىپىتلەر، ئۇيغۇر تېبابەتچىلىرى ئەمەلىي ئىستېمال ھەم داۋالاش جەريانىدا زاۋۇت يېغىنىڭ مەلۇم دەرىجىدە سالامەتلىككە تەسىرى بارلىقىنى بايقاپ يەتكەن. جۇۋاز يېغى بىلەن زاۋۇت يېغىدا داش قازان ئېشى ئېتىپ باققان ئاشپەزلەر ھەم جۇۋاز بىلەن زاۋۇتتا ياغ تارتىپ باققان كونا ياغچىلار (ئىلگىرىكى جۇۋازچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھازىرقى ياغ زاۋۇتچىلار)نىڭ بۇ ھەقتىكى تەسىراتى خېلى چوڭقۇر بولغان. ئۇلار جۇۋاز يېغىنىڭ سالامەتلىككە بولغان پايدىسى ھەم دورىلىق قىممىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئەنئەنىۋى جۇۋازنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ياغچىلار جۇۋازنىڭ ئەسلىي ئىشلەش پرىنسىپى ئاساسىدا توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان جۇۋاز ياساش ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاخىرى ئەنئەنىۋى جۇۋازنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئېلېكتىر ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان جۇۋازنى ياساپ چىققان، بۇ جۇۋازنىڭ ياسىلىشى ئىككى خىل بولۇپ، بىرسىدە جۇۋاز ئايلىنىپ ياغ تارتسا، يەنە بىرسىدە ياغ ئوقى ئايلىنىپ ياغ تارتىدۇ. بۇ جۇۋاز ئەسلىدىكى تاشلىنىپ قالغان جۇۋاز كۆتىكىنى پاكىزلاپ، ئۇنىڭ چۆرىسىنى ئىسسىقلىق ساقلاش ئۈچۈن كۈنجۈرىدە سۇۋاپ، ئۈستىدىن شالدا چىرايلىق تاختىلاپ ئاستى، ئۈستى، ئوتتۇرىسىدىن تۆمۈردە چەمبەرلەش ئارقىلىق تەييارلانغان. ئۇنىڭ بىر خىلىنى جۇۋاز كۆتىكىنىڭ تېگىدىكى مۇقىملاشتۇرۇش تۆشىكىگە مۇۋاپىق چىشلىق چاق ئوقىنى ياكى تاسما چاق ئوقىنى قېقىپ، ئۇنى تۆت بۇلۇڭ تۆمۈر رامكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇقىملاشتۇرۇپ، جۇۋاز مادا ئارقىلىق تۆمۈر رامكىنىڭ ئىچىدە ئايلىنىش ئارقىلىق ياغ تارتىدىغان قىلىپ ياسىغان.

ياغ تارتىۋاتقان توك جۇۋاز يەنە بىر خىلىنى 20 سانتىمېتىر كەڭلىكتە بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى دانە تاختا تۆمۈردىن كىرېست شەكلىدە تەگلىك ياساپ، ئۇنىڭ ھەر بېشىغا شىراق تومۇلۇقىدا بىر يېرىم مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈرنى تىك تۇتقۇزۇپ ئۈستىدىن چېتىپ تۆت تۈۋرۈكلۈك رامكا ياسىغان. جۇۋازنى كىرېست شەكىللىك تەگلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا مۇقىملاشتۇرۇپ، ياغ ئوق ئايلىنىپ ياغ تارتىدىغان قىلىپ ياسىغان. بېسىمنى چوڭقۇر تومۇلۇقىدىكى پۈرژىننى ياغ ئوقىنىڭ بېشى بىلەن رامكىنى چېتىپ چىڭىتىپ بوشىتىش ئارقىلىق تەڭشىگەن.

www.uyghurkitap.com



بۇ خىل جۇۋاز كېرىيە ناھىيەسىدە خېلى ئومۇملاشقان بولۇپ، باشقا يۇرتلارغىمۇ كېڭەيمەكتە.

ھازىر بۇ جۇۋازدا بۇيرۇمچىلارغا خاس زاغۇن، كەندىر، قىچا، قاپچىمال ياغ تارتقاندىن باشقا بىر قىسىم كېسەللەر دوختۇر، تېۋىپلارنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ئاق كېسەلگە قىچا، قان بۇزۇلۇشتىن بولغان قىچىشقاقتا زاغۇن، سوغۇق يەلگە زاراڭزا، قان بېسىم كېسىلىگە كەندىر، كاناي ياللۇغىغا زىغىر يېغى تارتقۇزۇپ ئىستېمال قىلىپ كەلمەكتە. رەسساملارمۇ رەسىمنىڭ بوياقى ئۈچۈن بۇيرۇتۇپ خاس ياڭاقتىن ياغ تارتقۇزىدىكەن. تاقىر باشلار شاپتۇل يېغى تارتقۇزۇپ بېشىغا سۈرىدىكەن.

**جۇۋاز يېغى بىلەن زاۋۇت يېغىنىڭ پەرقى ھەم سالامەتلىككە بولغان تەسىرى:**

ئوزۇقشۇناس ئالىملار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ سىرى توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دېگەن: — ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى قاتتىق پوستلۇق مېۋە ئۇرۇقى ۋە بېلىق تۈرىدىكىلەردىن زورۇر بولغان ياغنى ياكى تويۇنمىغان ياغنى قوبۇل قىلىدۇ. ۋاھالەنكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتتىكىلەر گۆش تۈرىدىكىلەردىن ياكى پىشلاقتىن تويۇنغان ياغ كىسلاتاسى قوبۇل قىلىپ، ئۆزگەرگەن ياغ ھاسىل قىلىپ، كىشىلەرنىڭ سەمرىپ كېتىشى ۋە زەئىپلىشىپ كېتىشىنى پەيدا قىلىدۇ. ھازىرقى يېمەكلىك ياغلىرى بارغانسېرى ئىشەنچىسىز بولۇپ، ئىستېمالچىلارنى گاڭگىرىتىپ قويماقتا. ياغ زاۋۇتلىرى ياغ تارتىش جەريانىدا چەككىلەپ ئىس قوشۇپ ياغنىڭ كۆرۈنمە سۈپىتىدە ئاشۇرۇپ، ساقلاش ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا پىششىقلاش جەريانىدا ياغنىڭ خىمىيەۋى قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. كىشىلەر بۇنداق ياغ بىلەن يېمەكلىكلەرنى پىشۇرغاندا، بولۇپمۇ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ياغدا يېمەكلىك پىشۇرغاندا، ئۇلارنىڭ قۇرۇلمىسى تېخىمۇ ئۆزگىرىپ، راك كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ماددا بىنزو ھاسىل بولىدۇ، شۇڭا ئىستېمال قىلىدىغان ياغنى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا پىششىقلاشتىن ساقلىنىش لازىم دەپ قارايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇرلارمۇ بۇ جەھەتتە مەلۇم چۈشەنچە ھەم تەجرىبىلەرگە ئىگە بولدى. تېۋىپلار ياغچىلار، باش قازان ئاشپەزلىرى جۇۋاز يېغى بىلەن زاۋۇت يېغىنىڭ پەرقى، ئىستېمال قىلغاندىن كېيىنكى سالامەتلىككە بولغان تەسىرى جەھەتتە پەرق بارلىقىنى ھېس قىلىپ، سېلىشتۇرۇش، سىناق قىلىش ئارقىلىق پاكىتلىق ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ تېۋىپلەر ئۇزاق يىللىق كەسپىي تەجرىبىسى ھەم ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئوزۇقلۇق ئىلمى دورىگەرلىك ئىلمىگە ئاساسلىنىپ، كىشىلەرنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى، يېگەندىن پەيدا بولۇۋاتقان كېسەللىكلەرگە قارىتا جۇۋاز يېغى، سۇ تۈگمەن ئۇنى قاتارلىق بىر قىسىم تەبىئىي يېمەكلىك ۋە خۇرۇچلارنى بۇيرۇپ ئىستېمال قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاشقازان، يۇقىرى قان بېسىم، تېرە كېسىلى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاپ ساقايتتى.

جۇۋازچى، زاۋۇتچى ھەم پېشقەدەم تېۋىپلەر بىلەن ئەھۋاللىشىش ئارقىلىق، جۇۋاز يېغى بىلەن زاۋۇت يېغى ئوخشاشلا ياغ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ياغ تارتىش جەريانى ئۇسۇلى ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ياغنىڭ تەبىئىتى، خىمىيەلىك قۇرۇلمىسى، ئىستېمال قىلغاندىن كېيىن سالامەتلىككە بولغان تەسىرىمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى قايىل قىلارلىق ئاساس ۋە پاكىتلار ئارقىلىق چۈشەندۈردى.

جۇۋاز — تەبىئىي ماتېرىيالدىن ياسالغان قۇرۇلما بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوقنىڭ ئايلىنىشى ئارقىلىق ياغلىق داندىن ياغ تارتىپ چىقىرىدۇ. يۈكنىڭ يۇمشىشىغا ئەگىشىپ ئوقنى ئالماشتۇرۇش، بېسىمنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق، يۈك ئېزىلىپ يۇمشاپ ياغ تەبىئىي ئايرىلىپ ئايلىنىپ پىشىپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى ياغ بىلەن كونجۇرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئادەمنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش چىقىدۇ. دېمەك جۇۋاز يېغى كۆيۈپ كەتمەي تەبىئىي چىقىدۇ. جۇۋازچىلارنىڭ دېيىشىچە، جۇۋازدا بىر جۇۋازلىق شۆكنى تاسقاپ پاكىزلاپ، بىر، جىلىڭ سۇدا نەمدەپ بىر ئىككى سائەت دۆملىگەندىن كېيىن جۇۋازغا قۇيۇپ ئۈچ سائەت ئەتراپىدا ھەيدەپ پىشۇرۇپ تارتىدىكەن. ياغقا چۈشكەندە يەنە ئۈچ جىلىڭ سۇنى قۇيۇپ ھەيدەيدىكەن. بۇ جەرياندا نەمدىگەن، ياغقا قۇيغان سۇ ھەم ياغنىڭ لىپىنى ياغنىڭ ئورنىدا كونجۇرىدە ئۆزگە تارتىپ ئېپقېلىپ، پىشقان ساپ سۈزۈك ياغنى چىقىرىپ بېرىدىكەن. شۇڭا جۇۋاز كونجۇرىسى يۇمشاق سۇلۇق چىقسا، زاۋۇت كونجۇرىسى قاتتىق قۇرۇق چىقىدىكەن. ياغ

تـارتىش جـەريانىدا جۇۋاز قىزىمىغاچقا يـاغنىڭ شىرىسى
كۆيۈپ كەتمەي تەبىئىي چىقىدىكەن. جۇۋاز يېغىنى چۆ-
چۈتكەندە ھەر بەش كىلو ياغدىن تۆت سە (50 گىرام)
خورايدىكەن.

زاۋۇتنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسى تۆمۈر بولغاندىن
باشقا، ياغ تارتىش ئۇسۇلى، جەريانى ئوخشاش بولمايدى-
كەن. يۇك بىر تەرەپتىن قۇيۇپ بىر تەرەپتىن يۇقىرى
بېسىم بىلەن ياغ چۈشكەچكە، ياغ ئەيلىنىپ پىشماي خام
چىقىدىكەن ھەم زاۋۇت قىزىپ ياغنىڭ شىرىسى كۆيۈپ
قۇۋۇىتى، تەمى قالماي تەبىئىتىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدىكەن.
يۇكنىڭ تەركىبىدىكى سۇ، لاي قاتارلىقلار ياغ بىلەن بىللە
چۈشۈپ كەتكەچكە كۈنجۈرىسى قۇرۇق، قاتتىق چىقىدى-
كەن. زاۋۇت يېغىنى چۆچۈتسە ھەر بەش كىلودىن بىر
يېرىم كىلو خوراپ كېتىدىكەن. ئۇزاق مەزگىل ئاشلىق ئى-
دارىسىنىڭ ياغ زاۋۇتىدا ئىشلىگەن بىر ئىشچىنىڭ دېيىشى-
چە: چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ياغ تارتىش زاۋۇتلىرىدا يۇك
ھەم ياغ 120 سېلسىيە گرادۇسلۇق يۇقىرى تېمپېراتۇرا
بىلەن بىر نەچچە ئىش ھالقىسىدا مەلۇم ۋاقىت بىر تەرەپ
قىلىنىدىكەن. كىچىك تىپتىكى ياغ تارتىش زاۋۇتلىرىنىڭ
تېمپېراتۇرىسىمۇ 80 ــ 100 سېلسىيە گرادۇستىن تۆۋەن
بولمايدىكەن، بۇنداق يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا ياغنىڭ
كۆيۈپ شىرىسى قالماسلىقى ھەم تەبىئىتىنىڭ بۇزۇلۇپ كې-
تىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىكەن.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز تارىختىن بېرى، تۆمۈرگە تەگكەن
نەرسىنىڭ تەبىئىتى سوغۇققا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئۇ ئادەمگە
پايدا قىلمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەن. شۇڭا ئۇيغۇر تېبابىتى-
دە تارىختىن بېرى خام دورىلىرىنى تۆمۈرگە يېقىن ئەكەل-
مەي تاش ھاۋانچىدا سوقۇشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر تېبابىتىدە جۇۋاز يېغى ئاشقازاننى ياخشىلاپ
ئىشتىھانى ئاچىدۇ. قاننى تازىلاپ قان ـ تومۇرلارنى را-
ۋانلاشتۇرىدۇ ھەم بەدەندىكى يەلنى ھەيدەپ رېماتىزم،
ئۇستىخان ئاغرىش قاتارلىق كېسەللەرگە مەنپەئەت قىلىدۇ
دەپ قارايدۇ. ئىلگىرى ئۇيغۇر رايونىدا مېدىتسىنا ئىلمى
ئانچە تەرەققىي قىلمىغان بولغاچقا، بەدەنگە چىققان
تۈرلۈك جاراھەت، زىبە، قوتۇر، تەمرەتكە، قىچىشقاق،
سوغۇق يارا قاتارلىق تۈرلۈك تاشقى جاراھەت ھەم پۇت ـ
قول، بوغۇم ئاغرىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرنى يەرلىك ئۇ-
سۇلدا داۋالىغان. بۇ كېسەللەرگە قارىتا كېسەلنىڭ ئەھۋالى-
غا ئاساسەن ھەر خىل يۇكتىن تارتىلغان خاس جۇۋاز يېغى-
نى ئىستېمال قىلدۇرۇش، جاراھەت ئورنىغا سۇۋاش ئارقى-
لىق داۋالاپ ساقايتىپ كەلگەن. جۇۋاز يېغىنى كېسەللىك
ئورۇنغا، جاراھەتكە سۇۋىسا بەدەنگە سىڭىپ كېسەلگە
شىپا بولغان. زاغۇن يېغىنى سوغۇق يارا... قان بۇزۇلۇش
كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا، زاراڭزا يېغىنى سوغۇق يەل،
رەھمە يىلى (راك) كېسەللىكلىرىنى داۋالاشقا، قوغۇن ئۇ-
رۇقى يېغىنى سوغۇق يەل كېسەللىكلىرىگە قارىتا داۋالاشقا
ئىشلەتكەن، ھەتتا كېسەل ھايۋانلارغىمۇ كېسەللىك ئەھۋا-
لىغا ئاساسەن ھەر خىل جۇۋاز يېغى ئىچكۈزۈش، جاراھە-
تىگە سۇۋاش ئارقىلىق كېسىلىنى داۋالىغان. شاپتۇل مېغى-
زى يېغىنىڭ ئىسمى «چاچياغ» بولۇپ، ئۇنى چېچىغا سۇ-
ۋىغان قىز ـ چوكانلارنىڭ چېچى قارا، قويۇق، پارقىراق،
يۇمشاق ئۆسۈپ تېقىمىغا چۈشىدىكەن.

ئىلگىرىكىدىن قازان ئېشى ئېتىپ كەلگەن كونا ئاشە-
پەزلەرنىڭ دېيىشىچە، بۇرۇن بىر چارەك گۈرۈنجىگە بىر
جىڭ جۇۋاز يېغى قۇيۇپ قويۇقئاش (پولۇ) ئەتسەك گۈ-
رۈنجە ياغنى ئۆزىگە تولۇق ئېلىپ ئۆزلەش، تېتىملىق، يې-
يىشلىك ئاش بولىدىكەن. ئۇنى يېسە ئېغىزى تاتلىق
سۇلۇق تۇرىدىكەن ھەم ئاشقازاننى ياخشىلاپ قۇۋۋەتلەي-
دىكەن. ھازىرقى زاۋۇت يېغىدىن بىر چارەك گۈرۈنجىگە
ئۈچ جىڭ قۇيسىمۇ گۈرۈنجە ياغنى ئۆزىگە ئالماي
ياغنىڭ بىر قىسمى قازاننىڭ ئۇلىغا چۆكۈۋالسا، بىر قىسمى
قازاننىڭ ئۈستىگە لەيلەۋالىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن ئاش
ياغسىز، تەمسىز، يېيىشسىز بولۇپلا قالماي ئۇنى يېگەنلەر-
گە زىيان قىلىپ ئېغىزنى قۇرۇتۇپ ئاچچىق قىلىپ ئاشقا-
زاننى بۇزىدىكەن. قورۇما قورۇسا كۆكتات ياغنى ئۆزىگە
ئالماي، سۇيىدە لەيلەپ تۇرۇۋالىدىكەن.

دېمەك، يۇقىرىقى ئاساسلار خەلقىمىز ئەمەلىي
تۇرمۇش جەريانىدا جۇۋاز بىلەن زاۋۇتتىن ئىبارەت
ئىككى خىل ياغ تارتىش ئۇسكۈنىسىدە تارتىلغان ياغنىڭ
تەبىئىتى، خۇسۇسىيىتى، سۈپىتى ھەم ئىستېمال قىلغاندىن
كېيىنكى سالامەتلىككە بولغان تەسىرى جەھەتتىن يەكۈن-
لەپ چىققان ئەمەلىي تۇرمۇش تەجرىبە ھەم ئىلمىي پاكىت-
لار بولۇپ ھازىرقى زامانىۋى تۇرمۇشىمىزدىمۇ زور پايدى-
لىنىش قىممىتىگە ئىگە.

(ئاپتور: كېرىيە ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتى مۇھاجىرلار ئىش-
خانىسى پېنسىيونېرى)

www.uyghurkitap.com



# ئويتاغلىقلارنىڭ مال سويۇش، مېھمانلارغا گۆش تارتىش ئادىتى

داۋۇتجان سەيدىن

ئويتاغلىقلار مېھماندوست بولۇپ مېھماننى ئەزىزلەيدۇ، ئۇلۇغلايدۇ. مېھمان بولۇپ كەلگەن ھەرقانداق كىشىگە ئالاھىدە تەۋەززۇ قىلىدۇ، ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرىدۇ. ئويتاغدا كىشىلەر ئۆيىگە مېھمان چاقىرسا مېھماننىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن جانلىق مال سويۇپ، گۆش تارتىپ مېھمان ئۇزىتىدۇ. چاقىرىلغان مېھماننىڭ ئاز-كۆپلۈكى ياكى ساھىبخانىنىڭ ئائىلە شارائىتىغا ئاساسەن ئادەتتە بىرەر پاقلان، ئىرىك (پىچىۋېتىلگەن قوچقار)، قوچقار ياكى ئوغلاق. سەركە (ئەركەك ئۆچكە) قاتارلىق ئاتىغان جانلىقنى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ كۆرسىتىپ تۇرۇپ فاتىھە قىلدۇرىدۇ. مېھمانلار قائىدە بويىچە قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىدۇ، ئاندىن ئۆي ئىگىسى قوينى سويۇپ پىشۇرىدۇ.

ئويتاغلىقلار ئەۋلادمۇئەۋلاد چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن بولغاچقا مال سويۇش، گوش مۇچىلاش ۋە مېھمانلارغا گوش تارتىش قاتارلىق جەھەتلەردە بىر قاتار قائىدە-يوسۇن ۋە ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

## ئويتاغلىقلارنىڭ مال سويۇش قائىدىسى

1. كانارغا (ئاسقۇغا) ئېسىش
2. مۇچىلاش

مۇچىلاش — ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە گۆشنى قائىدىلىك، ئۆلچەملىك پارچىلاشنى كۆرسىتىدۇ. ئويتاغلىقلار ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن بولغاچقاماللارنىڭ گۆشنى مۇچىلاش ۋە مېھمانلارغا گۆش تارتىشتا

بىر قاتار قائىدە-يوسۇن ۋە ئۆرپ-ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ بۇ قائىدە-يوسۇنلارنى نەزىر-چىراغ، توي-تۆكۈن، بەزمە-مەشرەپ ۋە تۈرلۈك مېھماندارچىلىقلاردا ھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلمەكتە. ئويتاغلىقلار ھەرقانداق مالنىڭ گۆشىنى 16 مۇچا قىلىپ پارچىلايدۇ، 16 مۇچا تۆۋەندىكىچە:

1) يانباش، يانپەش پەش گۆشى
2) قارچىغا
3) توقماق ئىلىك
4) ھوشۇقلۇق ئىلىك
5) دولى
6) مىقىر ئىلىك (قاشقا ئىلىك)
7) قىرى ئىلىك (سۇ كېچەر)
8) بۇقانا

يۇقىرىقى سەككىز مۇچا بىر جۈپتىن بولغاچقا بىر مالدىن جەمئىي 16 مۇچا گۆش پارچىلىنىدۇ. ئادەتتە كالا، بىيراق (قوينىڭ قۇيرۇق مېيى) بويۇن-سىيەر قاتارلىقلار مۇچا ھېسابلانمايدۇ، لېكىن كالالا، بىيراق (قۇيرۇق ماي) مېھمانلارغا تارتىلسا باشقا مۇچا گۆش قوشۇلۇپ تارتىلىدۇ.

### مېھمانلارغا گۆش تارتىش قائىدىسى

ئويتاغدا مېھمانلار سورۇندا يېشىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ، يەنى چوڭلار باشتا، كىچىكلەر ئاياغدا ئولتۇرىدۇ. يېشى كىچىكلەر چوڭلارنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ ئولتۇرۇۋالسا ئەيىب بولىدۇ. ئادەتتە كۆنلۈك، ئايلىق چوڭ بولسىمۇ «ئاش ئاقساقلى» دېيىلىپ كىچىكلەرنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇشى كېرەك. شۇڭا ئويتاغدا «ئورنۇڭنى بىلىپ ئولتۇر» دەيدىغان ماقال بار. ئادەتتە ھۆرمەتى چوڭ، يۇرت كاتتىسى ياكى موللا ئالىم كىشى بولسا ئاقساقاللار ئىززەتلەپ «پەش»تە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. «پەش» — ئاقساقالنىڭ يېنىدىكى تۆرگە يېقىن ئورۇندۇر، شۇڭا پەشتە ئولتۇرغان كىشىگە ئاقساقاللار قاتارىدا گۆش تارتىلىدۇ.

ئويتاغلىقلار مېھمانلارغا قوي سويسا ئالدى بىلەن بېغىر قۇيرۇق تارتىدۇ، مېھمانلار بېغىر قۇيرۇققا ئېغىز تېگىپ بولغاندىن كېيىن لېگەنلەردە گۆش تارتىلىدۇ.

بىر مۇچا گۆش بىر تاۋاققا قويۇلىدۇ. ئادەمنىڭ ئاز-كۆپلۈكگە قاراپ بىر مۇچا گۆش تۆت-ئالتە كىشىگە تارتىلىدۇ. ئويتاغلىقلار ئادەتتە باش ئاقساقالغا ياكى ئەزىز مېھمانغا بىيراق (قوينىڭ قۇيرۇق مېيى)نى تارتىدۇ. بىيراق ماي بولغاچقا يانباش قوشۇلىدۇ. ئاياللارنىڭ بېشىغا قارچىغا گۆش باش قىلىپ تارتىلىدۇ، ئەگەر ئەر-ئاياللار بىر داستىخاندا ئولتۇرغان بولۇپ، باشتا بېشى چوڭ ئاياللار ئولتۇرغان بولسا بىيراق گۆش يەنى باش تاۋاق ئاق باشلىق ئايال مېھمانغىمۇ تارتىلىدۇ.

سورۇندا قىرغىز كىشى ئاقساقال بولسا قىرغىزلارنىڭ ئادىتى بويىچە كالالا (قوينىڭ چوققىسىغا قارچىغا) قوشۇپ تارتىلىدۇ. مېھمانغا تۆش گۆش تارتىشقا بولمايدۇ، تۆت گۆش تارتىش — مېھمانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق، مېھماننى كەمستكەنلىك، ھاقارەتلىگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئويتاغدا:

«مەردلىك قىلىپ قوي سويدۇڭ،
ئىتلىق قىلىپ تۆش تارتتىڭ» دەيدىغان ماقال بار.

(ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيەلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا)

## ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن!

سىزنىڭ قوللىشىڭىز بىلەن ژۇرنىلىمىز مۇشۇ كۈنگە كەلدى. شۇنى تۆۋەنچىلىك بىلەن سەمىڭىزگە سالىمىزكى، 2010-يىلدىن ئېتىبارەن ژۇرنىلىمىزنى كىتابخانىلارغا سېلىشنى توختاتتۇق. شۇڭا پەقەت مۇشتەرىلىرىمىزلا ژۇرنىلىمىزدىن ھوزۇرلىنىشقا مۇيەسسەر بولالايدۇ. مۇبادا سىز بىزنىڭ سادىق ئوقۇرمىنىمىز بولسىڭىز مۇشۇ گەپنى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭىزغا، ئاغىنە-بۇرادەرلىرىڭىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، يېقىن-يورۇقلىرىڭىزغا يەتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




پۇرىغلى خۇش پۇراق،
قىزىلگۈلۈم سىز.
قۇشلىغلى قولۇمدىكى،
جان قۇرغۇيۇم سىز.
كاككۇك بولۇپ سايراپ ئالاي،
تېرەككىمىزدە.
بېلىق بولۇپ ئويناۋالاي،
يۈرەككىمىزدە.

ماڭا تىكەن بولادۇ،
بىر تۇغقانىم دېگەنگە.
دەرد بىلەن ئەلەم تارتتىم،
كۆيگەنىمنى بىلگەنگە.
ئانچىلىك زۇلۇم سالماڭ،
چىراي ئاچىپ كۈلگەنگە.

قىلماسمەن خىيانەتنى،
ئۆلگۈچەمدە گۈل ئايىم.
سېنىڭ ئۈچۈن تەسەددۇق،
ئالدىمدىكى قوي-مالىم.

سەن يارىمنى دەپ كەلدىم،
ئۆز مەلەمدىن چاراغا.
ئاخشام دېگەن گەپلەرىڭ،
تەگدى مېنىڭ يارامغا.
بىر كۆرمەكنىڭ ھەسرىتى،
قويدى يۈزمىڭ بالاغا.

تۈن-كېچە تۈشۈپ كەتتىم،
مەلەڭدىكى خەندەككە.
نېمە داۋا بولاركىن،
يۈرەكتىكى بۇ دەردكە.
كېچە ئۇيقۇم كەلمەي،
ئاخشام ئېيتقان شۇ گەپكە.

چەكمىسەم بولار ئىدى،
تاماكا ئەجەب ئاچچىق.
ئىرىقتىكى لاي سۇدەك،
ئۆتۈپ كەتمىسۇن ياشلىق.
بىكار ئويناپ يۈرگەنىم،
يارىم ئۆزۈڭدىن باشلىق.

ئاخشام بارسام ئۆيۈڭگە،
ئوت كۆيۈپ ئوچاقىڭدا.
سېنى قىلغان ئىشلىرىڭ،
ھەممىسى قورساقىمدا.
بېلىق بولۇپ ئوينايمەن،
يار سېنىڭ قۇچاقىڭدا.

مېنى ھېسابقا ئالساڭ،
مۇرادىمغا يېتەرمەن.
پەرۋانىدەك چۆرگۈلۈپ،
ئالدىن توغرا ئۆتەرمەن.
مەلىكەم رۇخسەت قىلسا،
بۆلەك شەرگە كېتەرمەن.

قاغىلار چىللاشىدۇ،
توغراقنىڭ سايەسىدە.
مەنمغۇ ئويناۋالاي،
گۈلۈمنىڭ مەللەسىدە.

يارنى قولۇمغا ئالاي،
كۆيۈكنىڭ بانەسىدە.

قىزىل گۈلۈم كەلگۈدەك،
يوللىرىنى سۈپۈرەي.
يارنىڭ يۇمشاق بويۇغا،
چار ئىلاندەك يۆرگىلەي،
قەس قىلادۇ بۇ ئەللەر،
دۈشمەنلىرىم كۆرمىگەي.

قىزىلگۈل سىياقىڭنى،
نەمگە تېرىپ ئۈندۈرەي.
بىردەم ئولتۇر قاشىمدا،
مەن كۆزۈمگە سىڭدۈرەي.
دوستۇمدىن تولا دۈشمەن،
قانداق ئاچىلىپ كۈلەي.

ئىرادەم بولغان بولسا،
كېتەر ئىدىم يول بىلەن.
كۆيۈشۈپ ئۆتۈشۈپتۇ،
زوھراخان تاھىر بىلەن.
بېلىڭنى مەھكەم باغلا،
كارىمىز يوق خەق بىلەن.

ئىشكىڭنىڭ ئالدىدا،
كۈندە قۇرۇمايدۇ قار.
ئاق، جېنىم سەندىن بۆلەك،
بۇ ئالەمدە نېمەم بار.
ئويۇن ئويناپ كۈلگەلى،
ئەسلي ئالەم زامان تار.

ئارامىمىزنى يىراق دەپ،
يارىم بولمىغىن دەمدەم.
غېرىب كۆڭلۈم ئېچىلسۇن،
يانىمدا ئولتۇر بىردەم.
قىزىلگۈلۈم قىز تۇغسالڭ،
ئېتىنى قوي «ئېقدەم»

ئۆيۈمدە تولا ياتىپ،
زېرىكىپ كەتتى ئادەم.
ئاتالڭ ئۆلگەنگە ئوخشاش،
ئەجەب تۇتىسەن ماتەم.
سەنسىز قانداق كۈلىمەن،
چىرايلىقىم زېيۇدەم.

يارىم بىلەن ئىككەيلەن،
بىللە ماڭدۇق باغلىقا.
دۆڭگە چىقىپ قارىسام،
كۆزۈم چۈشتى ياغلىقا.
ئوت كۆيۈك يامان ئىكەن،
كۈلگەنىم يوق شادلىقا.

خاتۇنۇڭ كۈنلەپ سېنى،
مېنى ساڭا قاتماسا.
ئىچىم كۆيەدۇ ساڭا،
تېخى ئورنۇڭدا ياتماسالڭ.
قولۇمغا كېلەر بولسالڭ،
كەلتۈرۈپلا ماختاسام.

قولۇمغا كېلەر بولسالڭ،
كەلتۈرۈپلا ماختاسام.
تاھىر بىلەن زوھرەدەك،
ئايرىلماي ساختاسام.
ياش باللانىڭ ئىچىدە،
قارا دەپ ياراتماسالڭ.

دەرەخلەر ساغىرىپتۇ،
كۈز بولغانغا ئوخشايدۇ.
كۆزۈمدىن ئاققان ياشىم،
ئەمدى قاچان توختايدۇ.
غېرىبلىقمىنى بىلىپ،
يارىم كۈندە يوخلايدۇ.

«لوپنۇر خەلق قوشاقلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى.
تەييارلىغۇچى: نۇرنىسا باقى

www.uyghurkitap.com

# مېھماندارچىلىق ئادەتلىرىمىزدىكى ئۆم - ئىناقلىق

ئەلقەمجان رۇستەم ئەلقۇت

ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن مېھماندوست، سەنئەتخۇمار
خەلق، خەلقىمىزدە مېھماندوستلۇق قەدىمدىن تارتىپ دا-
ۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئەنئەنىلىك مەدەنىيەت مىراس-
لىرىدىن بىرى. ئۇيغۇر خەلقى «مېھمان كەلسە رىزقىنى
ئېلىپ كېلىدۇ»، «مېھمان كەلسە بەخت كېلىدۇ» دەپ قا-
رايدۇ. شۇڭا ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا مېھمان كەلسە
قۇچاق ئېچىپ قىزغىن قارشى ئالىدۇ، ئۆيدە بارنى مېھ-
مانغا ئېلىپ چىقىدۇ، يوقنى دەرھال تەييارلايدۇ.

ئۇلۇغ ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغەرىيمۇ مېھماندوست-
لۇق ھەققىدىكى ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز توغرىسىدا
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن شاھانە ئەسىرىدىمۇ
«كۆركەم، چىرايلىق تونۇڭنى ئۆزۈڭ كەي، تاتلىق ئې-
شىڭنى باشقىلارغا بەر، مېھماننى ئىززەتلە، شۆھرىتىڭنى
ھەممىگە يايسۇن» دېسە، ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس
ھاجىبمۇ شاھانە ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا مېھ-
ماننى ياخشى كۈتۈش مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز ھەققىدە
مۇنداق دېگەن «قىچىرماق بولۇرسەن ئەگەر كىشىنى، قى-
چىرغىن، ياخشى قىلغىن كۈتۈش ئىشىنى، سېلىپ كۆرپە،
داستىخان، قاچا تازا قىل، يېمەك-ئىچمىكىڭنى ئوبدان
خىللىغىن».

دېمەك، خەلقىمىزدە ئەزەلدىن چاقىرىلغان مېھمان
ياكى تاسادىپىي كېلىپ قالغان مېھمان بولسۇن، كىم بولۇ-
شىدىن قەتئىينەزەر ئوخشاش قەدىرلەپ ئەزىزلەپ كۈتى-
دۇ. مېھماننى ئەڭ ئېسىل، ياخشى تاماق، ياتاقلار بىلەن
كۈتۈشتىن تاشقىرى، ئات-ئۇلاغلىرى بولسا ئۇنىڭغا
ياخشى قارايدۇ.

خەلقىمىزدە مېھماننى ئەزىز بىلىپ، قىزغىن كۈتۈۋال-
دىغان ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئۇزاق تارىخقا ۋە
ئۆزگىچە ئادەتكە ئىگە. ھەرقانداق ئائىلىگە مېھمان
كەلگەن ھامان ئۇنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ داستىخان سالىدۇ،
ئالدى بىلەن سىنچاي بىلەن كاكچا نان ياكى قاتلىما نان
قويىدۇ، چېيىغا قەنت ياكى ناۋات سالىدۇ، ئاندىن ئۆز ھا-
لىغا قاراپ سۈتلۈك چاي ياكى ھالۋا ئېتىپ كىرىدۇ.
چايدىن كېيىن، ياز بولسا ھۆل مېۋە-چېۋە كەلتۈرىدۇ ۋە
مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ مېھماندىن قانداق تاماق يې-
گۈسى بارلىقىنى سورايدۇ، مېھمان خالىغان تاماقنى ئېتىدۇ.
ئەگەر مېھمان تۈزۈت قىلىپ بۇيرۇماي تۇرۇۋالسا، ئۆزلە-
رى ياخشى كۆرىدىغان تاماقلار، مەسىلەن، كاۋاپ، پېتىر
مانتا، بولاق مانتا، پولۇ، ئۇگرە، چۆچۈرە، لەڭمەن دې-
گەندەك تاماقلاردىن بىرىنى تاللاپ ئېتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە
ئائىلە ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ. كۆپ ھال-
لاردا مېھمان تامىقى جۈپ بولۇپ، پولۇ ئەتسە ئارقىدىن
ئۇگرە شورپا سالسا ئارقىدىن چۆچۈرە دېگەندەك تاماق-
لار قوشۇپ بىللە ئېتىلىدۇ.

خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مېھمان كۈتۈش ئادىتىدە
يەنە، ئەگەر مېھمان تۈن كېچىدە كېلىپ قالسىمۇ، ھېچقان-
داق ئېرىنمەي ھاردۇق ئېشى دەپ، ئۇگرە، مەنچىزە قا-
تارلىق سۇيۇق تاماق ئېتىپ كۈتۈۋېلىش ئەنئەنىسى بار.
چاقىرىلغان مېھمانلار ئايال بولسا ياخشى كۈتۈشتىن تاش-
قىرى مېھمانلار قايتىش ۋاقتىدا پولۇ، مانتا قاتارلىق تاماق-
لارنى يوللۇق تۇتىدۇ. يەنە مېھمانلارغا پىششىق گۆش
بىلەن نان يوللۇق تۇتۇش، ئەڭ بولمىغاندىمۇ ئىككى نان
بىلەن ئاق يول تىلەپ يوللۇق تۇتۇش ئادىتى بار. خەلق-
مىزنىڭ مېھمان كۈتۈش مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە يەنە
بىرەر ئۆيگە مېھمان كەلسە بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قولۇم
- قوشنىلىرى مېھمان ئالدىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن
كىرىپ قىزغىن كۆرۈشكەندىن كېيىن، نۆۋەت بىلەن بۇ
مېھمانلارنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىدىغان ئېسىل ئادەتلە-
رى بار. تەكلىپ قىلغان قوشنىلار مېھمان ھۆرمىتىگە
ئاتاپ بىرەر خىل ياخشى تاماق تەييارلايدۇ، بۇ ئادەت
بولۇپمۇ يېزىلاردا كەڭ ئومۇملاشقان. قىسقىسى، «تاپقىنى
قوي ئۆلتۈرەر، تاپالمىغىنى چۈجە-خوراز» دېگەندەك،
ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ھالىغا قاراپ، مېھماندىن ھېچ نەر-
سىسىنى ئايىماي، ساخاۋەت بىلەن داستىخان سېلىپ تول-
مۇ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ، مانا بۇ خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق زامان-
لاردىن بۇيان ئۆزئارا ئېجىل-ئىناق، ئىتتىپاق ئۆتۈش،
دوستلۇقنى قەدىرلەش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق ئالغا بېسىش-
تىكى ئېسىل مەدەنىيەت دۇردانىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيەلىك 4-ئوتتۇرا مەكتەپتە)



# خەلقىمىزدە ئەنئەنىۋى ساپالچىلىق

ئەلقەمجان رۇسۇل ئەلشات

ساپالچىلىق (كۇلالچىلىق) ــ ئۇيغۇرلاردا ئەۋلادتىن-ئەۋلادقا ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى هۈنەر كەسىپلەرنىڭ بىرىدۇر، ئۇيغۇرلارنىڭ قول هۈنەر-ۋەنچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى ئۇزاق، مەهسۇلاتلىرىنىڭ تۈرىمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى گەۋدىلىك بولغان ساپالچىلىق (كۇلالچىلىق) قول هۈنەر مەدەنىيىتىمۇ قەدىمدىن تارتىپ تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئۈزلۈكسىز تەرەق-قي قىلىپ، نەپىس هەم هۈنەر-سەنئەت جەهەتتە ئۆزگىچە ئالاهىدىلىكلەرنى گەۋدىلەندۈرگەن ئاساستا، ساپالچىلىق كەسپى دىيارىمىزدا خېلىلا يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن.

ساپال بۇيۇملار ئەڭ دەسلەپتە ئاساسەن قۇم ئارىلاش سېغىز توپا بىلەن ياساشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەڭگى قىزىل، قوڭۇر ۋە سۇر رەڭلىك، ئاز بىر قىسمىلىرى ئاندا-ساندا كۇل رەڭ ساپال بۇيۇملار بولۇپ، ئاساسەن نەقىشسىز، ئاز بىر قىسمىلىرى بولسا دولقۇنسىمان، نۇرسىمان سىزىقلىق شەكىل-دە ياسالغان. ئاز ساندىكى ساپال بۇيۇملىرىغا ئىچ ئويما دولقۇنسىمان سىزىق، دۈگىلەك سىزىق، يايسىمان سىزىق ۋە ئارىلاشما جۇغلانما نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن.

**1. ئۇيغۇر ساپالچىلىق (كۇلالچىلىق) كەسپىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە تەرەققىياتى**

ئۇيغۇر ساپالچىلىق قول هۈنەر مەدەنىيىتى توغرىسى-دا تارىخى ۋە يازما خاتىرىلەردە ئاساسەن دېگۈدەك ئېنىق يازما مەلۇماتلار يوق دېيەرلىك. ساپال بۇيۇملار-نىڭمۇ قايسى دەۋرلەردىن باشلاپ ياسىلىشقا باشلىغانلىقى توغرۇلۇقمۇ ئېنىق بىر نەرسە دېيىش قىيىن. لېكىن، دۇنياۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تارىخچى ئەسەر «رەۋزە تۇسساپا»دا: «11 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 12 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەكەن مەملىكىتىنىڭ باي دۆۋە دېگەن يېرىدىن 500 كۇب ئالتۇن تېپىلغان، چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرى بۇ ئالتۇنلارنى تالىشىپ ئۇرۇشقان» دەپ بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە يەنە خاتىرىلەنگەن: ئەينى ۋاقىتتىكى ئالتە شەھەر خانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى مىرزا ئابابەكرى بايلىق تېپىش مەقسىتىدە يەكەن كونىشەھەرنى پۈتۈنلەي قازدۇرۇپ، بىر نەچچە يۈز كۇب كوزىلارغا قاچىلانغان ئالتۇن ـ كۈمۈش جاۋاھىراتلارنى تاپقان دېگەن ئۇچۇرلاردىكى كۇب ۋە كوزىلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلاردىن، دىيارىمىزدا ساپال بۇيۇملارنى ياساش ۋە ئىشلىتىش شۇ ۋاقىتلاردىلا ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى چاغلاردىلا ياسىلىشقا باشلىغانلىقى ۋە ئىشلىتىلگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

شۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ، كۇب ۋە كوزا قاتارلىق ساپال بۇيۇملارنى ياساش بىلەن بىللە، يەنە كۈندىلىك تۇرمۇشتا كەڭ ئىشلىتىدىغان كومزەك، چەينەك، ھېجىر پىيالە، ھېجىر قاچا، ساپال كورۇشكا، ئېۋرىق، ئېدىش، گۈلدان (لوڭقا)، تەشتەك (يامچاق)، چىراغدان (قاراچىراغ) ۋە سىياھدان (سىياھ قۇتىسى) قاتارلىقلارمۇ ياسىلىپ، خەلق تۇرمۇشىدا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلگەن، ئۇلارنىڭ ياسىلىشى نەپىس ۋە چىرايلىق بولۇپ، ئۇنىڭغا گۈل، سىغىز، قۇم ۋە لاك (بوياق) قاتارلىقلار مۇھىم خام ئەشيا قىلىنغان، ئاندىن لاي ئېتىلىپ كاللەك قىلىپ ياساپ، ساپال بۇيۇملارنىڭ نۇسخىسىنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن مەخسۇس ساپال بۇيۇملارنى پىشۇرۇش خۇمدىنىدا پىشۇرۇپ چىقارغان. ئۇنىڭدىن كېيىن قوپال يەرلىرىنى قۇم بىلەن سۈرۈپ سىلىقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاندىن يەنە ھەر خىل نەقىشلەرنى لاكلاپ ياساپ چىقىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان، بۇ خىل ساپال بۇيۇملارنىڭ ياسىلىشى ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇب ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، ئىشلىتىشكە تولىمۇ ئەپلىك ۋە پۇختا، چىداملىق بولغان. بۇ ساپال بۇيۇملاردىن ئىدىشلارغا ئاشلىق قاچىلانغان، كۈپلارنى سۇ قاچىلاشقا ئىشلەتكەن، كومزەكلەرنى ئالتۇن جاۋاھىرات ۋە ئۇرۇقلۇق ئاشلىق دانلىرىنى ساقلاشقا، باشقا ساپال بۇيۇملارنى بولسا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇمى قىلىپ ئىشلەتكەن.

## 2. ئۇيغۇر ساپالچىلىق (كۇلالچىلىق) قول ھۈنەر مەدەنىيىتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ساپالچىلىق (كۇلالچىلىق) قول ھۈنەر مەدەنىيەت كەسپى تۆۋەندىكىدەك روشەن تۆت چوڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە:

1) ئۇسلۇبى ئاددىي ـ ساددا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر ئۇستىلار ياسىغان ساپال بۇيۇملارغا سىزىلغان رەسىملەردە قەدىمكى خەلق سەنئىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ، ئۇنىڭغا نەقىش قىلىنغان بىر ـ ئىككى تال ئوت ـ چۆپلەر ۋە گۈللەر نەپىس ۋە روشەن كۆرۈنۈشى بىلەن كىشىنى بەكمۇ جەلپ قىلىدۇ ۋە زوقلاندۇرىدۇ، يەنە بىر روشەن خاسلىقى ئىدىشلارنىڭ 20 سانتىمېتىر يېرىگە توپا رەڭ بېرىلسە، ئۇنىڭ ئۈستۈن تەرىپىگە بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بىر خىل رەڭدىكى بىر قانچە سىزىقلار سىزىپ قويۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن روشەن ھالدا قەدىمىي تۈس چىقىپ تۇرىدۇ.

2) ئۇيغۇر ساپال بۇيۇملىرىنىڭ رەڭگى خىلمۇخىل، يېقىشلىق بولىدۇ. مەسىلەن، جىگەر رەڭ، سېرىق رەڭ، يېشىل رەڭ ۋە توق يېشىل رەڭدىن ئىبارەت بولىدۇ، بۇ خىل رەڭلەر پەقەتلا قوغۇشۇن، مىس، قىزىل توپا، ئاق تاش، قارا تۆمۈر ئۇۋۇندىسى قاتارلىق مىنېرال ماددىلاردىن يەرلىك ساپ ئۇسۇل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ، كۇلالچىلار مىستىن سۇس يېشىل، توق يېشىل رەڭ پىششىقلاپ ئىشلەيدۇ، ئۇلارنىڭ رەڭ ئىشلەشتىكى چېۋەرلىكى شۇ يەردىكى ئارىلاشتۇرۇلغان ماتېرىياللاردىن نىسبەتەن ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ، ئۇستىلار رەڭ بېرىپ بولغان سايمانلارنى خۇمدانغا سېلىپ ئۈچ، تۆت سائەت تۇرغۇزىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ساپال بۇيۇملارنىڭ جۇلاسى ۋە نەپىسلىكى كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ.

3) ئۇيغۇر كۇلالچىلار بارلىق ساپال بۇيۇملارنى ئاساسەن دېگۈدەك قول بىلەن ئىشلەيدۇ، شۇنداقتىمۇ شەكلى تۈز، ياسىلىشى چىرايلىق، چوڭ ـ كىچىكلىك ئۆلچىمى ئوخشاش، دىيامېتىرى پەرقسىز بولىدۇ. ئۇيغۇر ساپال بۇيۇملىرى ئېستېتىك قىممەتكە ئىگە بولۇپ، قول ھۈنەرسەنئىتىدە كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ، ئۇيغۇر كۇلالچىلارنىڭ خام ئەشيا خۇرۇچى لاي بولۇپ، ھەر خىل نەپىس بۇيۇملارنى لايدىن ياساپ ئۇنى جۇلالاندۇرالايدۇ. مەسىلەن، ئېۋرىقنىڭ چەپچىكى، قورساق، بويۇن، بوغۇز، ئېغىز،

قاپقان دېگەنلەر بىر ـ بىرلەپ ئىشلىنىپ، ئاندىن بىر ـ بىرد-
گە كىرىشۈرۈلۈپ، بىر پۈتۈن ھالەتكە كەلتۈرۈلىدۇ.

4) ئۇيغۇر ساپال بۇيۇملىرى خەلق تۇرمۇشىنىڭ
كۆپ خىل ئېھتىياجىدىن چىقىش ئىقتىدارىغا ئىگە. مەسى-
لەن، كۇلالچىلار لايدىن رەڭلىك تەخسە، چىنە، ھېجىر،
تاۋاق، پىيالە، قارا چىراغ، تۈۋە (جاك)، كوزا، ئاپقۇر،
ئاپتۇۋا، چىلاپچا، ئىۋرىق، ھەر خىل قونچاق، ھەيكەل،
تەشتەك، كۈب قاتارلىق كۆپ خىل بۇيۇملارنى ياسايدۇ،
بۇلار پۇختا، چىدامLiq ۋە سىپتا بولۇپ، كىشىنىڭ مەيلىنى
تارتىپ تۇرىدۇ، بۇنداق ياسالغان ھەرقانداق بۇيۇم
روشەن مىللىي تۈس ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىگە
مۇجەسسەملىگەن بولىدۇ.

### 3. ئۇيغۇر ساپالچىلىق (كۇلالچىلىق) قول ھۈنەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسى

دىيارىمىزدا ساپال بۇيۇملارنىڭ ئۈزلۈكسىز ياسىل-
شى ۋە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلىشى ھەمدە ساپال بۇيۇملار
قول ھۈنەر تېخنىكىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بېرىشى نە-
تىجىسىدە، ئۇيغۇر ساپالچىلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك كەس-
پىمۇ دەسلەپتىكى ئائىلە قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىش
ئەمگىكىدىن تەدرىجىي ھالدا ئايرىلىپ چىقىپ، جەمئىيەتتە
يېڭى بىر ئىشلەپچىقىرىش تارماق قوشۇنى بولۇپ شەكىل-
لەنگەن. يەكەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ساپالچىلىق
كەسپى تېز تەرەققىي قىلىپ، ساپالچىلىق ھۈنەر ماھارىتىنى
ئىگىلىگەن بىر تۈركۈم ئۇستىلار قوشۇنى بارلىققا كېلىپ،
قول سانائەت ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىساد-
نىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەنلىكى توغرىسىدا بىرئاز
مەلۇماتلارمۇ قالدۇرۇلغان. دېمەك، ئەينى دەۋرلەردىن
باشلاپلا، ساپال بۇيۇملارنى ياسىغۇچى ئۇستىلار ئومۇمەن
(كۇلالچى ئۇستا)»لار دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار ئەينى
دەۋرلەردىن باشلاپلا مەخسۇس بىر ئەمگەكچىلەر قاتلىمى
بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر ساپالچىلىق قول ھۈنەر مە-
دەنىيىتىمۇ ئەنئەنىۋى قول سانائەت ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم
بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي، ئىقتى-
سادىي تۇرمۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئورۇننى
ئىگىلىگەن، شۇنداقلا ساپالچىلىق قول ھۈنەر مەدەنىيىتىدە
ساپال بۇيۇملارنى ياساش تېخنىكىسىنىڭ سەۋىيەسىمۇ يۇ-
قىرى، مەھسۇلاتلارنىڭ تۈر ۋە خىللىرى كۆپ، ئىشلىتى-
لىش دائىرىسىمۇ كەڭ بولغان، بۇنىڭ بىلەن ساپال بۇيۇم-
لار كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئېھتىياجىنى قام-
داشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم زۆرۈر تۇرمۇش
بۇيۇملىرى بولۇپ قالغان ھەمدە ئاساسىي جەھەتتىن
خەلق تۇرمۇشىنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىنى قامداپ
كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ساپال بۇيۇملارنىڭ ياسىل-
شى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىپ بارغان ۋە قول سانائەت ئىش-
لەپچىقىرىشىدىكى باشقا تۈرلەرنىڭمۇ تېز راۋاجلىنىشىنى
زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرگەن. تالاي يىللارنىڭ ئۆتۈ-
شى بىلەن، ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە فارفۇر بۇيۇملار
ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە زامانىۋىلىشىشىغا ئە-
گىشىپ، دىيارىمىزنىڭ ساپالچىلىق كەسپىگە تەۋە خېلى
كۆپ ساندىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەش تەدرىجىي ھالدا
قىسقىلىپ، ئاساسەن كۈپ، ئىۋرىق، يامچاق، كوزا قاتار-
لىق بىر قانچە خىللا ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما
مىللىي ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشى ۋە سەيلە ـ ساياھەت ئىشلىرى-
نىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بىر تۈركۈم يوقىلىش
گىردابىغا بېرىپ قالغان تۈرلەر يەنە قايتىدىن جانلىنىپ ۋە
بارلىققا كېلىپ، ۋارىسلىرىمۇ تەدرىجىي كۆپىيىشكە قاراپ
يۈزلەنمەكتە. زاماننىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىپ، كۇلال-
چىلىق كەسپىدىكى ساپال بۇيۇملارنى سىرلاش، ھەل
بېرىش، گۈل نەقىشلىرىنى كۆپەيتىپ يەنىمۇ سىپتىلاشتۇ-
رۇش كەسپىمۇ بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ،
بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەر ـ سەنئىتىنىڭ جەۋ-
ھىرى بولغان يەرلىك ساپال بۇيۇملارنى ياساش تېخنىك-
سىمۇ سان ۋە سۈپەت جەھەتتە يېڭى بۆسۈشلەرنى بارلىققا
كەلتۈرۈپ، سەيلە ـ ساياھەت ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى
تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يەنە يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئايلانماق-
تا، ھازىرقى يېڭى تارىخىي شارائىتتىمۇ، ئۇيغۇر ساپالچى-
لىق قول ھۈنەرۋەنلىك كەسپىنىڭ تەرەققىياتى بارا ـ بارا
يەنە زور يۈكسىلىشلەرگە ئېرىشىپ، تاكى ھازىرغىچە
يەنىلا خەلق تۇرمۇشىدا كەڭ ئىشلىتىلىش رولىغا ئىگە بو-
لۇشتەك ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلمەكتە، شۇنداقلا
تۈرلىرىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، ياسىلىشى تېخىمۇ نەپىس
ۋە چىداملىق بولۇپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز
قامداپ كەلمەكتە. شۇڭا ساپالچىلىق قول ھۈنەر مەدەنىيى-
تىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىل-
دۇرۇش يەنىلا چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيەلىك 4 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

www.uyghurkitap.com



# قومۇل قىيقاس بېيىتلىرى ھەققىدە

پاتىگۈل نىياز

قومۇل ئۇزاق تارىخى، ئۆزىگە خاس جۇغراپىيەلىك ئورنى، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ماس ھالدا فولكلور مىراسلىرى مول يۇرت ھېسابلىنىدۇ. ئاشۇ فولكلور مىراسلىرى ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى موللۇقى، ئوي-پىكىر ئىپادىلەشتىكى ئەپچىللىكىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشىدا تا بۈگۈنكى كۈنىدىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقان بېيىت-قوشاقلار بار. ئەنە شۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم بىر تۈر قومۇل قىيقاس بېيىتلىرىدۇر.

قىيقاس — چۇقان سېلىش، سۈرەن سېلىش مەنىسىدە بولۇپ، قىيقاس بېيىتلىرى ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئەۋجىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش ياكى قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندا قوشاق شەكلىدە ئېيتىلىدىغان سۆز ئويۇنى. قەدىمدىن تارتىپ مەشرەپ-يىغىلىشلاردا ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغان بولسىمۇ، پەقەت قومۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ «كۆك مەشرىپى»، «قار مەشرىپى»، «توي مەشرىپى»، «نورۇز مەشرىپى» قاتارلىق مەشرەپلىرىدىلا تا بۈگۈنگىچە ئىزچىل داۋام قىلىپ كەلگەن.

قىيقاس بېيىتلىرى — مەشرەپنىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇرۇش، مەشرەپ ئەھلىنى قىزغىن كەيپىياتقا يېتەكلەش، قىزىقچىلىق قىلىش ۋە ھەر خىل مەزمۇنلاردا مەشرەپ ئەھلىنى تەربىيەلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. قىقاس بېيىتلىرىنى ئېيتقۇچى «قىيقاسچى» دېيىلىدۇ. ئادەتتە مەشرەپ كۆلىمىگە قاراپ قىقاسچىلار بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ بولىدۇ. مەشرەپتە قىيقاسچى بىر قولىدا داستىخان سېلىنغان لېگەننى ئېگىز كۆتۈرۈپ قىيقاس بېيىتلىرىنى ئېيتىدۇ. بەزىدە قىيقاسچىنىڭ ئىلھامى كەلگەندە قولىغا بۆكى ياكى قول ياغلىقى ۋە ياكى قۇرۇق قول پۇلاڭلىتىپمۇ قىقاس تۇۋلايدۇ. سورۇن ئەھلى قىيقاسچىغا ماسلىشىپ، ھەر تىنىقتا بىر «قىيقاس» تۇۋلاپ كەيپىياتنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ. نەتىجىدە ھەر بىر مەشرەپ ئەھلى قىيقاس بېيىتى

ئارقىلىق مەشرەپنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە ئايلىنىدۇ.

قومۇل قىيقاس بېيىتلىرىنىڭ مەزمۇنى رەڭدار بولۇپ مەشرەپنىڭ ئالاھىدىلىكى، مەزمۇنى ۋە سورۇن ئەھلىگە قاراپ ئېيتىلىدۇ. شۇڭا قىيقاس بېيىتلىرىنى مەزمۇن جەھەتتىن مۇنداق بىر قانچە تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

1. مەدھىيە مەزمۇنىدىكى قىيقاس بېيىتلىرى. بۇ تۈردىكى قىيقاسلاردا مەشرەپ ئويۇشتۇرغۇچىنىڭ سېخىيلىقى، مەشرەپ ئەھلىنىڭ شادلىقى، ھېيىزلارنىڭ قىزغىنلىقى، يۇرتنىكى تەرەققىيات ئۆزگىرىشلەر، بەختىيار زامان مەدھىيەلىنىدۇ. بۇ مەشرەپ ئەھلىنىڭ مەشرەپ ئويۇشتۇرغۇچى ۋە خەلق سەنئەتكارلىرىغا بولغان ھۆرمىتى، بەختىيار دەۋرگە مىننەتدارلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق:

مېھمانلىرىمىز قاملاشقان، (ھە!) چاچلىرىنى تاراشقان. (ھە!)

تاماشىغا كەلگۈچە، (ھە!) ئەينەكلەرگە قاراشقان. (ھە!)

تاماشىغا كېلىپ، (ھە!) سەكرەپ ـ سەكرەپ ئويناشقان. (ھە!)

قاقشالمۇ قاقشال، چاھارباغدا قاقشال،
توي ئىگىسى نەغمىچىلەرنىڭ بېشىدىن،
بىر توپ تاۋار ئۆرۈپتۇ.
ھە!، خالايىق، بارىكاللا، قىيقاس!

گۈل ئېچىلسا گۈلىستان، (ھە!) گۈل سولاشسا زىمىستان. (ھە!)

ئويناۋېلىڭلار ئاغىنىلەر، (ھە!) بارار يېرىمىز قەبرىستان. (ھە!)

ناخشا ئېيتقان ھېيىزلارغا، ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلارغا ھەشقاللا.

ھە! يىگىتلەر، بارىكاللا. قىيقاس!

ئىسلاھاتنىڭ دەۋرىدە، (ھە!) ئەجەبمۇ كەڭرى زامانلار. (ھە!)

راسا ئۇسسۇل ئويىندى، (ھە!) مەسسە كەيگەن مومايلار. (ھە!)

ھە!، خالايىق، بارىكاللا، قىيقاس!

2. ھەجۋىي قىلىش مەزمۇنىدىكى قىيقاس بېيىتلىرى. بۇ قىيقاس بېيىتلىرىدا كىشىلەر ئارىسىدىكى ناچار خاھىش، ئىللەت، بەتقىلىقلىق، ئەدەپسىزلىكلەر ھەجۋىي قىلىش ئارقىلىق مەسخىرە قىلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق مەشرەپ تەرتىپى كۈچەيتىلىدۇ، مەشرەپ ئەھلىگە ئىبرەت بېرىلىدۇ. ئالايلۇق:

مەن بىر ئەر ئىدىم، (ھە!) بۇرۇتۇمنى تولغىغان. (ھە!)

قالپىقىمنى قىرلىغان، (ھە!) مۇنۇربەگنى دورىغان. (ھە!)
بىرشىلىڭ كېپەكنى يۆلەتمەي كۆتۈرىدىغان، (ھە!)
كەسلەنچۈككە يۈگەن سالماي مىنىدىغان. (ھە!)
قاقشالمۇ قاقشال، چارباغدا قاقشال، (ھە!)
ئۇسسۇل ئوينىغانلار قىزىلگۈلگە ئوخشار، (ھە!)
ئۇسسۇل ئوينىمىغانلار يۆگەي گۈلگە ئوخشار. (ھە!)
ھە! يىگىتلەر بارىكاللار قىيقاس.

بېشىمدىكى دوپپامنىڭ، تىرناقچە كەشتىسى بار. (ھە!)

ئورنىدىن تۇرغان كىشىنىڭ بىزنى تاشلاپ كەتكۈسى بار. (ھە!)

ھە! خالايىق، بارىكاللا، قىيقاس!

3. تەربىيە مەزمۇنىدىكى قىيقاس بېيىتلىرى. بۇ قىيقاس بېيىتلىرى «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، مەكتەپتىن چىقسا مەشرەپكە بەر» دېگەن ئاتىلار سۆزىگە ياندىشقان. بۇ خىل قىيقاس بېيىتلىرىدا چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ھېكمەتلەر، تەربىيەلەر قىيقاسچىلار ئارقىلىق مەشرەپ ئەھلىگە جاكارلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا بۇ بېيىتلەر تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ. ئالايلۇق:

ئۆيۈڭ ئۆي بولسا، قىغىڭ ئالتۇن بولۇر. (ھە!)
ئۆيۈڭ بۇزۇلسا، پۇلۇڭ خازاڭ بولۇر. (ھە!)
بۇنىڭغا ئىشەنمىسەڭ، كۆڭلۈڭ يامان بولۇر. (ھە!)
ھە! يىگىتلەر، بارىكاللا، قىيقاس!
بىلىملىك ئاسمانغا چىقىپتۇ، (ھە!)
بىلىمسىز ساماندا يېتىپتۇ. (ھە!)
ئېغىر ئىشنى ئوڭ قول قىلسا، (ھە!)
ئالتۇن ئۈزۈكنى سول قول سېپتۇ. (ھە!)
ئۆلۈم يىغىسى بىلەن قىزىپتۇ، (ھە!)
توي نەغمىسى بىلەن قىزىپتۇ، (ھە!)
بىلگەنلىرى ساز چېلىپتۇ. (ھە!)
بىلمىگەنلەر چاۋاك. (ھە!)
ھە! يىگىتلەر، بارىكاللا، قىيقاس!

ئىناق ئەر ـ خوتۇن پاراغەتتە، (ھە!) ئۇرۇشقاقلار قىيامەتتە. (ھە!)

بالىلىرى رىيازەتتە، (ھە!) توغقانلىرى خىجالەتتە. (ھە!)
قوشنىلىرى شىكايەتتە. (ھە!)
ھە! يىگىتلەر، بارىكاللا، قىيقاس!

قومۇل قىيقاس بېيىتلىرى ئۇيغۇر بېيىت ـ قوشاقلىرى بىلەن ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، يەنە ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكىدەك روشەن ئالاھىدىلىكى بار:

1. قىيقاس بېيىتلىرى بوغۇم، مىسرا تۈزۈلۈشى

www.uyghurkitap.com



جەھەتتىن ئانچە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، قىيقاس بېيىتلىرى تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتىن چاچما شېئىرلارغا ئوخشايدىغان بولۇپ، قەدىمىي شېئىرىي شەكىلگە تەۋە ھېسابلىنىدۇ.

ئالايلۇق:

ئۆستەڭ چاپساڭ چوڭقۇر چاپ، (ھە!) ياش باللار ئوينسۇن. (ھە!)
يىگىتلەر ئويناپ كەتسە، (ھە!) جوگانلار كۆلۈپ كەتسۇن. (ھە!)
ھە! يىگىتلەر، بارىكاللا، قىيقاس!
ئېرىقىڭدا سۇ ئاقىدۇ، (ھە!) سۇزۇك ئاقمىسا لاي ئاقىدۇ. (ھە!)
ياش ۋاقتىڭدا ئوينىۋالمىساڭ، (ھە!) قېرىغاندا كىم ساڭا باقىدۇ. (ھە!)
باشقىلار ساڭا باققان بىلەن، (ھە!) نەدە ئويۇن ساڭا ياقىدۇ. (ھە!)

دېمەك، قومۇل قىيقاس بېيىتلىرى تۇراق جەھەتتە پەرقلىق بولۇپ، قاپىيە جەھەتتىن مۇكەممەل قاپىيەلەنمىسمۇ، تەبىئىي ھالدا كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان ئاھاڭدارلىق ۋە گۈزەللىكى بار.

2. قومۇل قىيقاس بېيىتلىرىنىڭ يۇمۇرىستىك ئالاھىدىلىكى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. ئالايلۇق:

پولۇنى كۆرۈڭ پادىشاھ بولدى،
بەش يۈز ئەسكەرنى باشلاپ. ھە!
مانتىنى كۆرۈڭ ئەلەم بولدى،
قالپىقنى قىرلاپ. ھە!
بەنشىنى كۆرۈڭ دورغا بولدى،
قالپىقى قىلدىن يوغان. ھە!
ھېسىپ قالدى كېيىن مەنسىپى،
تايىن بولمىغان. ھە!
ھە، كۆپچىلىك، بارىكاللا، قىيقاس!
پاقا تېرەككە چىقتى،
قۇيرۇقى شاختا،
بوزتونغا كىمخاب ياقا،
قوتۇر ئېشەككە ئالتۇن تاقا،
قاقشالمۇ قاقشال،
چاھار باغدا باخشال.
ھە، كۆپچىلىك، بارىكاللا، قىيقاس!

دېمەك، قومۇل قىيقاس بېيىتلىرىنى قومۇل خەلق بېيىت-قوشاقلىرى ئىچىدىكى باشقا تۈردىكى بېيىت - قوشاقلارغا سېلىشتۇرغاندا، يۇمۇرىستىك ئالاھىدىلىكى ئەڭ كۈچلۈك بولۇپ، كىشىگە زور ئېستېتىك زوق بېغىشلايدۇ.

قومۇل قىيقاس بېيىتلىرىدا ئەنئەنىۋى ئىستىلىستىكلىق ۋاستىلەردىن سىمۋول، ئوخشىتىش، سېلىشتۇرۇش، مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش قاتارلىقلار مول دەل جايىدا قوللىنىلىدىغان بولۇپ، بۇ قىيقاس بېيىتلىرىنىڭ جەلپكارلىقنى ئاشۇرغان.

ئالايلۇق:

مەن بىر ئەر ئىدىم، بارنى يوق قىلىدىغان،
ئەتىدىن-كەچكىچە تېكىنىڭ تېشىچە لاي قىلىدىغان،
كەسلەنچۈككە يۈگەن سالماي مىنىدىغان،
تاغنى كۆتۈرۈپ، ئوڭدىسىغا ئۆرۈپ ئاتىدىغان.
قاقشالمۇ قاقشال، چاھار باغدا باخشال.
ھە! خالايىق، بارىكاللا، قىيقاس!

يۇقىرىقى قىيقاس بېيىتتە مۇبالىغە قوللىنىلغان بولۇپ، لاپ ئۇرۇش ئارقىلىق قىيقاس بېيىتنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان.

ئالمىنى ئىرغاڭلىتاي، شاپتۇلنى شىلدىرلىتاي،
تارتىنىپ تۇرغان جۇۋانغا ئوت يېقىپ يالدىرلىتاي.
سەپ قويدۇقمۇ سەپ قويدۇق، چىنە تەخسىگە سەپ قويدۇق،
كۆڭۈللەرگە كەلمىسە چاقچاقلارغا سەپ قويدۇق.
ھە!، يىگىتلەر، بارىكاللا، قىيقاس!

قومۇل قىيقاس بېيىتلىرى ئۇيغۇر خەلق بېيىت - قوشاقلىرى ئىچىدىكى تۈزۈلۈش، مەزمۇن، ئېيتىلىش - ئورۇنلىنىش جەھەتلەردە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، توپلاش، يىغىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش جەھەتتە ئەھمىيەتكە ئىگە تۈر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قومۇل خەلق بېيىتلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبى سۈپىتىدە قومۇل مەشرەپ - ئولتۇرۇشلىرىنىڭ ئاۋۇندۇرغۇچىسى بولۇپ، مەشرەپ سورۇنلىرىدا ئىجىل-ئىناقلىق، بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ھەققىي ئەمەلگە ئېشىشىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋاستىگە ئايلانغان.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

1. مۇھەممەد زۇنۇن، ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 - يىلى نەشرى.
2. ئېلى ئىسمائىل: «قومۇل نەزمىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991 - يىلى نەشرى.
3. ئايشەم ئەخمەت قاملى: «قومۇل-مۇقام مەشرەپلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2015 - يىلى نەشرى.
4. زۇمرەت غايىپار: «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ھەققىدە تەتقىقات»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2012 - يىلى نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى ئاسپىرانتى)



www.uyghurkitap.com



81-402

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联大楼 14 层）
电话：(0991)4554017 传真：(0991)4559756
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一连续出版物号：CN65—1130/I
国际标准连续出版物号：ISSN1004—3829
代号：58-60 广告许可证号：6500006000040
E-mail:mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
国外发行：中国图书进出口总公司
印刷：新疆日报社印务中心
邮编：830001 定价：6.00 元
CHINA NATIONAL PUBLICATIONS
IMPORT & EXPORT(GROUP)CORPORATION
16Gongti E.Road, Chaoyang District, P.O.Box88, Beijing 100020, PR China
E—Mail:exprt@cnpiec.com.cn or library@cnpiec.com.cn
Fax:0086-10-6563069 Tel:0086-65856781 0086-10-65004552

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 ـ نومۇر، 14 ـ قەۋەت Tel: 0991－ 4554017 Fax: 0991－4559756
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65－ 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004 － 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 ـ 58 باھاسى: 6.00 يۈەن
پوچتا نومۇرى: 830001
E－mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى:1130BM
ئېلان ئىجازەتنامە نومۇرى:6500006000040